دۇنيادىكى مەشھۇر چۆچەكلەر خەزىنىسى

# قارمەلىكە



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



ISBN 978-7-105-06936-1
9 787105 069361 >

تەرجىمە قىلغۇچى : قادىر ئارسلان

# قار مەلىكە

دوستۇم          گە:

بىز ئىككىمىز چىمەن دوست،
سەن ئالتۇن، مەن كۈمۈش.
دوستلۇق - بەخت دەرىخى،
سەن يوپۇرماق، مەن بىر قۇش.


كىتاب كۆڭۈل خۇشلۇقى،
كىتاب ئەقىل بۇلىقى.
بۇ كىتابتا ساقلانسۇن،
ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى.

يىل          ئاينىڭ          كۈنى.

# مۇندەرىجە



ئالاۋىددىن ۋە سېھىرلىك چىراغ ........................ 1


ئەلى بابا بىلەن قىرىق قاراقچى ........................ 14


شاتۇتى پادىشاھ ........................ 28


يىغلاڭغۇ مەلىكە ........................ 38


پادىشاھ بىلەن ئاق لەيلەك ........................ 44


قار مەلىكە ........................ 55


نوقۇت مەلىكە ........................ 66


ساھىبجامال بىلەن ئالۋاستى ........................ 69


نەشپۈتقىز ........................ 76



مۇز پەرى ........................ 80


ئەقىللىق قىزچاق ........................ 84


ساھىبجامال ئادەمبىلىق ........................ 90


تەرسا ئۆچكە ........................ 103


چاشقانلارنىڭ يىغىنى ........................ 104


ماختانچاق پاقا ........................ 106

# ئالاۋىدىن ۋە سېھىرلىك چىراغ

ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، تولىمۇ يىراقتىكى بىر شەھەردە بىر تۇل خوتۇن ۋە ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى ئالاۋىدىن ياشىغانىكەن. ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى جاپالىق بولۇپ، ھەممىشە ئاچ - توق ياشايدىكەن.

تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى ئالاۋىدىننى كىچىكىدىنلا تىرىكچىلىك يولىغا كىرىشكە مەجبۇر قىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى چوڭلار بىلەن بىللە شەھەر سىرتىدىكى بانانزارلىقتىن بانان ئۈزۈپ كېلىپ پۇل تاپىدىكەن. ئۇ ھەرقانچە كۈچەپ ئىشلىسىمۇ، ئانا - بالا ئىككىيلەن قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيدىكەن.

بىر كۈنى ئالاۋىدىن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى باغدا بانان ئۈزۈپ يۈرگەندە، بىر كىشىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ ئالاۋىدىن ھەم ئەجەبلىنىپتۇ، ھەم قورقۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى، بۇ كىشىنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى تولىمۇ غەلىتە ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغان كىشى ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كېتىدىكەن. ئەسلىدە ئۇ بىر سېھىرگەر ئىكەن.



سېھىرگەر ئالائىددىنغا دەپتۇ :

— ئوغلۇم ، ئەگەر ماڭا بىر ئىش قىلىپ بەرسەڭ ، ساڭا بىر تەڭگە بېرىمەن .

— بىر تەڭگە ! — ئالائىددىن ھاياجانلانغىنىدىن ئىختىيارسىز تۇۋلىۋېتىپتۇ ، — تەقسىر ، گېپىڭىز راست بولسىلا ، سىز بۇيرۇغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن .

دېمىسىمۇ بىر تەڭگە ئالائىددىن ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ جىق پۇل ئىكەن . ئۇ بۇ پۇل بىلەن ئانىسىنى تويغۇدەك غىزالاندۇرالايدىكەن ، يەنە تېخى ئۆزىگە بىر كۆڭلەكمۇ ئېلىپ بېرەلەيدىكەن .

سېھىرگەر ئالائىددىننى بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا باشلاپ كەپتۇ ، ئاندىن ئۆڭكۈرنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپتۇ .

— قېنى ، ئۆڭكۈرگە چۈش ، — دەپتۇ سېھىرگەر ، — ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر كونا چىراغ بار ، ماڭا شۇنى ئاچىقىپ بەرسەڭ ، بىر تەڭگە سېنىڭ بولىدۇ .

ئالائىددىن بەك ئورۇق ۋە چاققان بولغاچقا ، ئۆڭكۈرگە ناھايىتى ئاسانلا كىرىپ كېتىپتۇ . ئۇ ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ ، كەڭرى بىر يەرگە كەلگەندە ، ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋېتىپتۇ . بۇ يەر دۆۋە - دۆۋە ئالتۇن - كۈمۈش ، زىبۇزىننەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ ، ئۇلاردىن چاقناپ تۇرغان نۇر ئالائىددىننىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىپتۇ .

بۇ چاغدا ئالائىددىن ھېلىقى كىشىنىڭ تۇۋلىغىنىنى ئاڭلاپتۇ :

— ھەي بالا ، نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ چىراغنى تاپتىڭمۇ ! ماڭا چىراغنى ئاچىقىپ بەر !

ئالائىددىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ . دېمىسىمۇ ، شۇنچە كۆپ بايلىق تۇرغان يەردە بۇ كىشى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كونا جىنچىراغ بىلەنلا قالىدىغاندۇ ؟ ئۇ سەگەكلىشىپتۇ ۋە چىراغنى ئېلىپ ، كەلگەن يولى بويىچە ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا قاراپ مېڭىپتۇ .





— يارىسەن، دېگىنىمنى قىپسەن! قېنى، شاكىچىك، چىراغنى ماڭا سۇنۇپ بەر.

سېھىرگەر بىتاقەت بولغان ھالدا توۋلىغاچ، چىراغنى تارتىۋالماقچى بولۇپ قول ئۇزىتىپتۇ. ئەمما، ئالاۋىددىن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ.

— ئاۋۋال مېنى ئۆڭكۈردىن چىقىرىپ قويۇڭ...

— چىراغنى بەر دەيمەن!

ئالاۋىددىن ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ. قاتتىق تېرىككەن سېھىرگەر:

— ھەي ئەسكى ھاراملىق، شۇ قىلغىنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۆڭكۈردىن چىقالماي ئۆلىسەن! — دەپتۇ ۋە ئۆڭكۈرنىڭ قاپقىقىنى ئېتىپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. ئەمما، ئۇ قولىدىكى ئۈزۈكنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۇيماپتۇ.





قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە قامىلىپ قالغان ئالاۋىددىن نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇقۇش ۋە ئەنسىزچىلىكتە قاپتۇ.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ راستىنلا بۇ ئۆڭكۈردىن چىقالماي ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ ئەمدى بىچارە ئانىسىنى كىم باقار؟

ئالاۋىددىن شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى ئۈزۈكنى بارمىقىغا تاقاپ، ئۇياق-بۇياققا ئايلاندۇرۇشقا باشلاپتۇ.

ئاجايىپ قىزىق ئىش! ئۈزۈكتىن چىققان قىزغۇچ نۇر ئۆڭكۈرنى «ۋاللىدە» يورۇتۇۋېتىپتۇ، غايەت زور بىر دىۋە تۇتەك ئىچىدە پەيدا بوپتۇ.

— ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈرۇشكە تەييارمەن، خوجايىنىم، — دەپتۇ دىۋە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ.

قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئالاۋىددىن كېكەچلەپ كېتىپتۇ:

— مەن… مەن ئۆيۈمگە قايتىمەن…

سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگە-تۈگىمەيلا، ئالاۋىددىن ئۆزىنى ئۆيىدە كۆرۈپتۇ.

ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئانا قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— ئىشىك ئېتىكلىك تۇرسا، سەن ئۆيگە قانداق كىردىڭ؟

— ئاپا، قورقما، مەن ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن. مەن كىچىككىنە دېمىمنى ئېلىۋالاي، — دەپتۇ ئالاۋىددىن ۋە ھاياجانلانغان ھالدا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئانىسىغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.





— تەڭگە قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئانىسى ئالاۋىدىننىڭ قولىغا قاراپ. ئالاۋىدىن ئۆيگە پەقەت بىر كونا جىنچىراغنىلا كۆتۈرۈپ كەلگەنىكەن.

— مەن جىنچىراغنى بەرمىگەندىكىن، ئۇ ماڭا تەڭگىنى بەرمىدى - دە، — دەپتۇ ئالاۋىدىن.


— نېمىدېگەن كونا چىراغ بۇ! ئىلاھىم ئۇ يانسا بولاتتىغۇ. بەك مەينەت بولۇپ كېتىپتۇ، مەن ئۇنى...، — ئانا سۆزلەۋېتىپ چىراغنى سۈرتۈشكە باشلاپتۇ.


بىردىنلا جىنچىراغنىڭ ئىچىدىن تۈتەك كۆتۈرۈلۈپتۇ، تۈتەكنىڭ ئىچىدىن بىر دىۋە چىقىپ كەپتۇ.

— مەن بۇ جىنچىراغنىڭ ئىچىگە بەند قىلىۋېتىلگەن مەھبۇس. بىرەر كىشى ئۇنى سۈرتسە، مەن ئەركىنلىككە چىقالايمەن. سىلەر مېنى بەند ئىچىدىن ئازاد قىلدىڭلار. بۇ ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن، مەن قۇلۇڭلار ئورنىدا سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىشقا تەييارمەن. ئېيتىڭلار، خوجايىنلىرىم، قانداق تىلىكىڭلار بولسا، مانا ماڭا دېسەڭلار، دەرھال بەجا كەلتۈرىمەن.

ئالاۋىدىن بىلەن ئانىسى بۇ قورقۇنچلۇق دىۋىگە چەكچەيگىنىچە قاراپلا قاپتۇ ۋە:

— بىر... بىر ۋاقلىق تاماق بولغان بولسا، بەك ياخشى بولاتتى! — دېگەن گەپنىلا دېيەلەپتۇ.





ئانىنىڭ گېپى توگە - توگىمەيلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا خىلمۇخىل نازۇنېمەتلەر پەيدا بوپتۇ. ئانا - بالا ئىككىيلەن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تويغۇدەك غىزالىنىپتۇ.

شۇ كۈندىن تارتىپ، تۇل خوتۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئالاۋىددىننىڭ كۈنلىرى باياشاتچىلىق ۋە توقچىلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. چۈنكى، ئۇلار نېمىنى خالىسا، دىۋە شۇنى ھازىرلاپ بېرىدىكەن.

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئالاۋىددىن بالاغەتكە يېتىپ قامەتلىك بىر يىگىت بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ئالاۋىددىن پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ مەلىكىگە «لاپپىدە» بىرلا قارىغان بولسىمۇ، يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپتۇ. مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قالغان ئالاۋىددىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا بەل باغلاپتۇ.

ئالاۋىددىن ئۆز ئويىنى ئانىسىغا ئېيتقانىكەن، ئانا چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— جېنىم ئوغلۇم، بۇ نىيىتىڭدىن يان! — دەپتۇ ئانا ئوغلىغا يالۋۇرۇپ، — پادىشاھ كىم، بىز كىم؟ مەلىكە ھەرگىز ساڭا نېسىپ بولمايدۇ. ئەگەر پادىشاھ بۇ خىيالىڭنى ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا، ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ كاللىسى كېتىدۇ.

ئەمما، ئالاۋىددىن ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، ئانا ئوغلىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ.

ئانا بىر ساندۇقچىغا لىققىدە ياقۇت قاچىلاپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ قوبۇل قىلىش ئىجازىتىگە ئاسانلا ئېرىشىپتۇ.

پادىشاھ بىر ئاجىز تۈل خوتۇننىڭ ئوغلى ئۈچۈن ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ جاللاتنى چاقىرىپ تۈل خوتۇننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشنى ئويلاپتۇ، ئەمما يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئېغىر شەرتلەر ئارقىلىق ئۇلارنى نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بوپتۇ.

— ئەگەر ئالاۋىدىن مېنىڭ ئامراق قىزىم بىلەن توي قىلماقچى بولسا، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەتە ماڭا قىرىق قۇلنى تەقدىم قىلىشى، ھەربىر قۇلنىڭ قولىدا ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىت تولدۇرۇلغان بىردىن ساندۇقچە بولۇشى، يەنە قىرىق پالۋان بۇ بايلىقلارنى قوغداپ ئېلىپ كېلىشى كېرەك.

ئانا پادىشاھنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئالاۋىدىن پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دىۋىگە ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، خوجايىنىم! — دەپتۇ دىۋە ۋە ئۈچ قېتىم چاۋاك چېلىپتۇ. ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭلار! ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىت قاچىلانغان ساندۇقچىلارنى كۆتۈرگەن قىرىق قۇل ۋە قىرىق پالۋان پەيدا بولۇپ ئالاۋىدىننىڭ ئالدىدا سەپراس بوپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ بۇلارنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ خەزىنىسىدىمۇ بۇنچە جىق بايلىق بولۇپ باقمىغانىكەن. «بۇنچىلىك نەرسىنى ھازىرلىيالىغان يەردە، ئۇلار تېخىمۇ ئېغىر شەرتلەرگە كۆنۈشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ ئاچ كۆزلۈك بىلەن.

— ئىش بۇنىڭ بىلەنلا پۈتمەيدۇ، يەنە مەلىكە ئۈچۈن كاتتا قەسىر سېلىپ بېرىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ ئۇ.



ئالاۋىددىننىڭ ئانىسى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ شەرتىنى ئالاۋىددىنغا يەتكۈزۈپتۇ. دىۋە گىياھ ئۈنمەيدىغان بىر قاقاس دالىدا ئاجايىپ ھەيۋەت بىر قەسىرنى پەيدا قىپتۇ. قەسىرنىڭ ئەتراپى قويۇق دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغانىكەن، ئېرىقلاردا بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىكەن.

پادىشاھ مەلىكىنى ئالاۋىددىنغا بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ ھەمدە كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ.

ئالاۋىددىننىڭ تويۇقسىز بېيىپ كەتكەنلىك خەۋىرى خۇددى ئوت يالقۇنىدەك ھەممىلا تەرەپكە تارايتۇ، ھەتتا ئالاۋىددىننى قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە چۈشۈرۈپ كونا جىنچىراغنى ئاچىقتۇرماقچى بولغان ھېلىقى سېھىرگەرنىڭ قۇلىقىغىمۇ بېرىپ يېتىپتۇ.





قاتتىق غەزەپلەنگەن سېھىرگەر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپتۇ، ئالاۋىددىندىن قىساس ئالىمەن، سېھىرلىك چىراغنى قايتۇرۇۋالىمەن، دەپ قەسەم قىپتۇ.

بىر كۈنى سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان سېھىرگەر ئالاۋىددىننىڭ قەسرىگە كېلىپ، بالكوندا تۇرغان مەلىكىگە قاراپ توۋلاپتۇ:

— كونا چىراغقا يېڭى چىراغ تېگىشىمەن!

مەلىكە ھېلىقى سېھىرلىك چىراغنىڭ سىرىنى ئازراقمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ پەستىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئاشۇ جىنچىراغنى ئېسىگە ئاپتۇ. «بۇنداق ئەبجەق چىراغنى ئۆيدە ساقلاپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇنى يېڭى چىراغقا تېگىشىۋالساق ياخشى بولامدۇ؟ شۇنداق قىلاي، ئالاۋىددىن كەچتە قايتىپ كەلگەندە كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتسۇن» دەپ ئويلاپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن ئاق كۆڭۈل مەلىكە سېھىرلىك چىراغنى ئىزدەپ تېپىپ سودىگەرگە بېرىپتۇ.

سودىگەر چىراغنى قولىغا ئېلىپلا ئۇنى سۈرتۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەر چىراغنىڭ ئىچىدىكى دىۋىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، دىۋە ئەمدى ئالاۋىددىننىڭ دېگىنىنى ئەمەس، بەلكى سېھىرگەرنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان بوپتۇ.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئالاۋىددىننىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ ، سېھىرگەر قەسىر ۋە مەلىكىنى يىراق بىر جايغا يۆتكەپ كېتىپتۇ .

بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقە پادىشاھنى ۋە ئوردىدىكىلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈۋېتىپتۇ ، ئەمما ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ھېچ ئامال قىلالماپتۇ . پەقەت ئالاۋىددىنلا بۇ ئىشنىڭ سېھىرلىك چىراغنىڭ كارامىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىكەن .

ئالاۋىددىن بىردىنلا سېھىرگەرنىڭ قولىدىن چۈشۈپ قالغان ھېلىقى ئۈزۈكنى ئېسىگە ئاپتۇ .

ئالاۋىددىن ئۈزۈكنى بارمىقىغا تاقاپتۇ ، ئاندىن كېيىن ئۇنى ھە دەپ ئايلاندۇرۇشقا باشلاپتۇ .



ئەتراپنى قويۇق تۇتەك بېسىپ كېتىپتۇ . ئاندىن كېيىن ، تۇتەك سۇزۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر دىۋە چىقىپ ئالاۋىددىننىڭ ئالدىغا كەپتۇ . بۇ ئۈزۈك دىۋە ئىكەن .

— ئەي ئالاۋىددىن ، نېمە ھاجىتىڭ بولسا ، ماڭا دېگىن ، مەن ئۇنى بەجا كەلتۈرىمەن ! — دەپتۇ ئۈزۈك دىۋە .

— مەن سېنى قەسرىم ۋە خوتۇنۇمنى ، يەنە قەسىردىكى ھەممە نەرسىلەرنى بۇ يەرگە قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇيمەن ، — دەپتۇ ئالاۋىددىن .

— ئەستاخپۇرۇللا ، — دەپتۇ ئۈزۈك دىۋە قاتتىق ئوڭايسىزلانغان ھالدا ، — بۇنىڭغا راستتىنلا ئامالسىزمەن ، ئالاۋىددىن . چۈنكى ، بۇ كارامەتنى پەقەت ھېلىقى سېھىرگەرلا كۆرسىتەلەيدۇ .

— ئەگەر ئىش شۇنداق بولسا ، مەن سېنى مەجبۇرلىمايمەن ، — دەپتۇ ئالاۋىددىن ، — ئەمما سەن مېنى سېھىرگەر خوتۇنۇمنى يوشۇرۇپ قويغان جايغا ئاپىرىپ قوي . بۇ ئىشقۇ قولۇڭدىن كېلەر .

ئۈزۈك دىۋە ئالاۋىددىننىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ .

ئالاۋىددىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قەسىرگە كېلىپ قاپتۇ.

ئالاۋىددىن ئوچۇق تۇرغان بىر دېرىزىدىن بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇ ئۆيدىكى شەپىنى ئاڭلاپ، دېرىزە پەردىسىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈپتۇ. ئۇ پەردە يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىگە قارىسا، مەلىكە سېھىرگەرگە شاراب قۇيۇپ بېرىۋاتقۇدەك. ئەسلىدە مەلىكە سېھىرگەرنىڭ دېدىكى بولۇپ قالغانىكەن.

كەيپ بولغان سېھىرگەر ئۇخلاپ قاپتۇ. ئالاۋىددىن پەردىنىڭ كەينىدىن چىققانىكەن، مەلىكە چۆچۈگەن هالدا توۋلىۋېتىپتۇ:

— ئالاۋىددىن! سىز...

— ئۇش! ئۇ ئاڭلاپ قالمىسۇن، — دەپتۇ ئالاۋىددىن، — سىز بۇ بولاقتىكى دورىنى ئۇنىڭ چېيىغا سېلىۋېتىڭ.

بىردەمدىن كېيىن، سېھىرگەر كۆزنى ئېچىپ:

— چاي! — دەپ توۋلاپتۇ.

مەلىكە دەرهال بىر پىيالە چاينى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپتۇ. سېھىرگەر پىيالىنى بىرلا كۆتۈرۈپ چاينى ئىچىۋېتىپتۇ.

دورا سېھىرگەرگە ناهايىتى تېز تەسىر قىپتۇ، ئۇ بېشىنى ياستۇققا قويۇپتۇ ـ دە، قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئالاۋىددىن سېھىرلىك چىراغنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى هە دەپ سۈرتۈشكە باشلاپتۇ. چىراغنىڭ ئىچىدىن قويۇق تۈتەك چىقىپتۇ، ئاندىن تۈتەك ئىچىدە دىۋە پەيدا بوپتۇ.

— قايتىپ كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمەن، قەدىرلىك خوجايىن! — دەپتۇ دىۋە يۇقىرى ئاۋازدا، — نېمە تاپشۇرۇقىڭىز بار؟

— ياخشىمۇسەن، — دەپتۇ ئالاۋىددىن، — سەن يەنە قېشىمغا قايتىپ كەلدىڭ، بۇ بەك ياخشى بولدى. ئالدى بىلەن، بۇ لەنىتى سېھىرگەرنى زەنجىرلەپ كىشىلەر مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان بىر يەرگە ئاپىرىۋەت.



دىۋە خۇش بولغىنىدىن كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە بېشىنى لىڭشىتىپتۇ، ئارقىدىنلا سېھىرگەر كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن مەلىكە ئالاۋىددىندىن نېمە ئىش بولدى، دەپ سوراپتۇ.

— ئەنسىرىمەڭ، هەممە ئىش ئۆز جايىدا.

ئالاۋىددىن ئايالىغا تەسەللى بېرىپتۇ ۋە بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— يۇرتۇمنى سېغىندىم، دادامنى سېغىندىم، — دەپتۇ مەلىكە پەس ئاۋازدا، — بىز يەنە يۇرتىمىزغا قايتالارمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە قايتالايمىز! — دەپتۇ ئالاۋىددىن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، — مەلىكەم، ھازىردىن باشلاپ مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدىن نېرى كەتمەيمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، مەنلا يېنىڭىزدا بولىدىكەنمەن، ھەممە ئىش كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولىدۇ.

شۇ كۈنلەردە پادىشاھ قىزىنى ئويلاپ تولا غەم قىلغانلىقتىن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ قالغانىكەن. ئوردىدىكىلەر ۋە پۇقرالار سىرلىق ھالدا غايىب بولغان مەلىكە بىلەن ئالاۋىددىننى قايتا كۆرۈشتىن ئۈمىد ئۈزگەنىكەن.

ئالاۋىددىن سېھرىلىك چىراغنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— مېنى ۋە ئايالىمنى، يەنە بىزنىڭ قەسرىمىزنى يۇرتىمىزغا ئاپىرىپ قوي، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، — دەپتۇ دىۋىگە.

— ھازىرلا بېجىرىمەن، خوجايىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دىۋە.

بىردىنلا قەسىر سىلكىنىشكە باشلاپتۇ. ئارقىدىن، ئۇ بىر قەۋەت يەر بىلەن بىللە كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

— ئەمىسە، چىڭ ئولتۇرۇڭ، قەدىرلىكىم، — دەپتۇ ئالاۋىددىن ئايالىغا، — مانا ھازىر ماڭدۇق!

قەسىر ئالاۋىددىننىڭ ۋەتىنىگە قاراپ شامالدەك تېز ئۇچۇپتۇ.




قەسىر شەھەرنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ كەپتۇ . بۇ كارامەتتىن ھەيران بولغان كىشىلەر ئاسمانغا قوللىرىنى سوزۇشۇپ چۇرقىرىشىپتۇ ، قەسىرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئالاۋىددىن بىلەن مەلىكىنى كۆرۈپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ .

قەسىر ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ، يەر يۈزىگە يەڭگىل قونۇپتۇ . بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتكۈزۈلگەنىكەن ، ئۇ ئاغرىقلىقىغا باقماي ئورنىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ ـ دە ، قىزى ۋە ئالاۋىددىننى باغرىغا بېسىپتۇ .

ئالاۋىددىن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنى قەسىرىگە تەكلىپ قىپتۇ ۋە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ جەريانىنى ئۇلارغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ . ھەيرانۇھەس بولغىنىدىن پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قاپتۇ .

كېيىن پادىشاھ ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . ئالاۋىددىن تەختكە ۋارىسلىق قىپتۇ . ئۇ يۇرتنى ئادىل سوراپ ، پۇقرالارنىڭ قاتتىق ھۆرمىتىگە ئېرىشىپتۇ .

بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ، ئاشۇ مەملىكەتتىكى كىشىلەر يەنىلا ھېلىقى قەدىمكى قەسىرنىڭ ئىزنالىرىنى زىيارەت قىلىدىكەن . يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «كۆكتىن ئۇچۇپ كەلگەن قەسىر» دەپ ئاتىشىدىكەن .





# ئەلى بابا بىلەن قىرىق قاراقچى

ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، پارس ئېلىدىكى بىر شەھەردە ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ياشىغانىكەن، ئاكىسىنىڭ ئىسمى قاسىم، ئۇكىسىنىڭ ئىسمى ئەلى بابا ئىكەن. ئەلى بابا ۋە ئۇنىڭ ئايالى نامراتلىقتا ياشايدىكەن، كاتتا سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن قاسىم ناھايىتى باي ئىكەن.

بىر كۈنى ئەلى بابا ئېشىكىگە مىنىپ ئوتۇن كەسكىلى بېرىپتۇ. ئۇ كەسكەن ئوتۇنلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ، تاغدىن چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا، بىر توپ ئاتلىقلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— ئاپلا، چاتاق بولدى! — دەپتۇ ئەلى بابا.

ئۇ بۇ ئاتلىقلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېتىشىدىن، ئېشىكىنى بۇلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئېشەكنى دالدىغا ھەيدىۋېتىپ، ئۆزى بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يوشۇرۇنىۋاپتۇ.



«ئۇلار قاراقچىلار ئىكەن ـ دە!» دەپتۇ ئەلى بابا ئۆز ـ ئۆزىگە. ئۇ ساناپ كۆرسە، ئۇلار ئاق ئاتلىق، بىر كۆزى قارىغۇ، شاپ بۇرۇتلۇق باشلىقىدىن باشقا ئوتتۇز توققۇز كىشى ئىكەن.

قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئېغىر قاپلارنى مۇرىسىگە ئارتقان ئادەملىرىنى باشلاپ يوغان، ئېگىز بىر قورام تاشنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ئاندىن ئىككى قولىنى يايغىنىچە توۋلاپتۇ:


— سىم ـ سىم، ئىشىكنى ئاچ!

ئەلى بابا كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ. ھېلىقى قورام تاش ئوتتۇرىدىن بۆلۈنۈپ، ئىككى تەرەپكە تارتىلىپتۇ، ئىچىدىن قاراڭغۇ بىر غار كۆرۈنۈپتۇ.

ھېلىقى يەكچەشمە قاراقچى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئادەملىرى غارغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، قورام تاش ئاۋۋالقى ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ.

قاتتىق ھەيران بولغان ئەلى بابا قىمىر قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، غارنىڭ ئىشىكى غارىلداپ ئېچىلىپتۇ. قاراقچىلار غاردىن چىقىپ قۇرۇق قاپ، خۇرجۇنلىرىنى ئاتلىرىنىڭ ئىگىرىنىڭ كەينىگە غانجۇغىلاپتۇ. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئادەملىرىنى بىر قۇر ساناپ چىققاندىن كېيىن، قورام تاشقا قاراپ توۋلاپتۇ:

— سىم ـ سىم، ئىشىكنى ياپ!




تاش ئىشىك شۇ هامان چىڭ يېپىلىپتۇ. قاراقچىلار يەنە ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئۇچقاندەك كېتىپ قاپتۇ.

قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن ئەلى بابا دەرەختىن چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قورام تاشنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. «قېنى، بۇ سېھىرلىك سۆزنى مەنمۇ سىناپ باقاي، غارنىڭ ئىشىكى ئېچىلامدىكىن - ئېچىلمامدىكىن؟» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ.

— سىم - سىم، ئىشىكنى ئاچ!

بىردىنلا قورام تاش ئىككى تەرەپكە تارتىلىپ، غارنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپتۇ. ئەلى بابا مەشئەل يېقىپ غارغا كىرىشىگە، ئىشىك يەنە غارىلداپ يېپىلىپ قاپتۇ.

ئەلى بابا غارنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، هەيران بولغىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. غارغا ئۈنچە - مەرۋايىت، گۆھەر - ياقۇت، تاۋار-دۇردۇن، قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەر تولۇپ كەتكەنىكەن.





«ئۇلار بۇلارنى ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان ئەمەس . شۇنداق بولغاندىكىن ، مەن بىرئاز ئالتۇن ئالسام يامان بولماس» دەپ ئويلاپتۇ ئەلى بابا ، ئاندىن پەرىجىسىنى يېيىپ ، ئۇنىڭغا تىللالارنى ئېلىشقا باشلاپتۇ . غارنىڭ ئىچىدىن ئىككى خۇرجۇننى تېپىپ ، ئۇلارنىمۇ تىللا بىلەن توشقۇزغاندىن كېيىن ، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ :

— سىم - سىم ، ئىشىكنى ئاچ ! — دەپ توۋلاپتۇ .


غار ئىشىكى ئېچىلىپتۇ ، ئەلى بابا غاردىن چىقىپ ، يەنە توۋلاپ ئىشىكنى يېپىپتۇ ، ئاندىن كېيىن ئوتلاپ يۈرگەن ئېشىكىنى تېپىپ كېلىپ ، خۇرجۇنلارنى ئارتىپتۇ - دە ، ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپتۇ .

ئەلى بابا ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنى چىڭ تاقاپتۇ - دە ، خۇرجۇنلاردىكى تىللالارنى ئايالىنىڭ ئالدىغا تۆكۈپتۇ . كۆز ئالدىدىكى كارامەتتىن ھەيران بولغان ئايالى ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ . ئۇلار تىللالارنى ساناشقا كىرىشىپتۇ ، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ ساناپ بولالماپتۇ .

— چاققان ئاكامنىڭكىگە بېرىپ تارازىسىنى ئېلىپ كەل . بىز ئۇنىڭدا جىڭلىساق بولغۇدەك ، — دەپتۇ ئەلى بابا خوتۇنىغا .

قاسىمنىڭ خوتۇنى ئەلى بابانىڭ خوتۇنىنىڭ تارازا سوراپ كەلگىنىگە بەك ئەجەبلىنىپ ، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن نېمىنى ئۆلچەيدىغاندۇ ، دەپ ئويلاپتۇ . ئۇ تارازا تەخسىسىنىڭ تېگىگە ئازراق ھەسەل سۈرتۈپ قويۇپتۇ .

كەچتە ئەلى بابانىڭ ئايالى تارازىنى ئاپىرىپ بېرىپتۇ . قاسىمنىڭ ئايالى تارازىنىڭ تەخسىسىنى ئۆرۈۋېتەكەن ، تەخسىنىڭ تېگىگە چاپلىشىپ قالغان بىر نەرسىنى كۆرۈۋېتۇ . بىراق ، بۇ تېرىق ئەمەس ، بەلكى بىر دانە تىللا ئىكەن .





«پاھ ، بۇ بىر تىللاكەنغۇ ! بۇنى نەدىن ئالغاندۇ ؟ ئۇلار ئەك نامرات خەق تۇرسا !»

ئۇ ھاپىلا ـ شاپىلا ئېرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ . قاسىم ئايالىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ . ئايالى ھېلىقى تىللانى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ . قاسىم تىللانى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپتۇ ـ دە ، ئىچىگە بىر ئوت چۈشۈپتۇ . ئۇ كېچىچە ئۇخلىيالماپتۇ ، ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئەلى بابانىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ .

— كۆڭلۈڭ بەك قارىداپ كېتىپتۇ ! بېيىپ كېتىپسەنۇ ، بۇنى مېنىڭدىن يوشۇرۇپسەن . تۇغقان دېگەن شۇنداق بولامدۇ ؟ — دەپتۇ قاسىم ئاچچىقلاپ .

ئەلى بابا مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ . ئۇ قاراقچىلار ۋە غاردىكى مال ـ دۇنيا توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ . قاسىم ماقۇل بوپتۇ ، ئەمما ئۆيىگە قايتىپ بېرىپلا خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ ۋە ماللىرىنى قاچىلاش ئۈچۈن ئون قېچىرنى تەييارلاشقا بۇيرۇپ ، ئەتىسى يولغا چىقىشقا ھازىرلىق قىپتۇ .



ئەتىسى تاڭ سەھەردە قاسىم غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھېلىقى سېھىرلىك سۆزنى توۋلاپتۇ:

— سىم - سىم، ئىشىكنى ئاچ!

تاش ئىشىك ھەيۋەت بىلەن غارىلداپ ئېچىلىپتۇ. قاسىم غارغا ئېتىلىپ كىرىپتۇ. ئۆزى خېلى باي بولسىمۇ، شۇنچە كۆپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تۇنجى رەت كۆرگەن قاسىم ھاياجانلانغىنىدىن ئىختىيارسىز توۋلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى قاپ - خۇرجۇنلارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن بولۇشىغا قاچىلاپتۇ. ئۇ قاچىلىغانلىرىنى قېچىرلىرىغا ئارتىپ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ، ئاندىن يەنە كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇپ ھېلىقى سىرلىق سۆزنى ئېيتاي دەپتۇيۇ، ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىلگەن ئۇسۇملۇكلەرنىڭ نامىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ:


— پۇرچاق، ئىشىكنى ئاچ!... بۇغداي، ئىشىكنى ئاچ!... ئارپا، ئىشىكنى ئاچ!... قوناق، ئىشىكنى ئاچ!...

لېكىن، ئىشىك ئېچىلماپتۇ. دەل شۇ چاغدا قاراقچىلار كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار غارنىڭ ئالدىدا تۇرغان قېچىرلارنى كۆرۈپ، قىلىچ - خەنجەرلىرىنى ئويناتقىنىچە غارغا ئېتىلىپتۇ. تەلەيسىز قاسىم ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. قاراقچىلار ئۇنى تۆت پارچە قىلىپ غارنىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ قويۇپتۇ.

— بىزگە قارا سانىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىقى .

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، قاسىم قايتىپ كەلمەپتۇ . ئۇنىڭ ئايالى تىت - تىت بولۇپ ئەلى بابانىڭ ئۆيىگە كەپتۇ .

— ئۇكام ، ئاكاڭ ئىككى كۈن بۇرۇن قېچىر ھەيدەپ تاغقا كەتكەن ، ھازىرغىچە كەلمىدى . ئۇنىڭ بارىدىغان يېرىنى سەن بىلىسەن ، ئىزدەپ باقساڭ بوپتىكەن ، — دەپتۇ ئۇ .



— ۋاي خۇدايىمەي ، ئۇ ماڭا ھەرگىز بايلىق ئىزدىگىلى بارمايمەن ، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى . ئىلاھىم ئۇ قاراقچىلارغا يولۇقۇپ قالغان بولمىغىدى .

ئەلى بابا سەممىيلىك بىلەن قاسىم ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ ، ئاندىن كېيىن ئېشىكىگە مىنىپ تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ .

ئەلى بابا غارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، قاسىمنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپتۇ . ئۇ قايغۇسىنى بېسىپ ، جەسەتنى ئوراپتۇ - دە ، ئېشەككە ئارتىپ ئۈستىدىن شاخ - شۇمبا بېسىپ يوشۇرۇپ ، ئارقىغا يېنىپتۇ .

قاسىمنىڭ ئايالى ئەلى بابا ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە :

— ئېرىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئەلى بابا ئاكىسىنى قانداق ئەھۋالدا تاپقانلىقىنى يەڭگىسىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ . قاسىمنىڭ ئايالى زار - زار يىغلاپ ھازا ئېچىپتۇ .

— سەۋر قىلىڭ ، يەڭگە ، — دەپتۇ ئەلى بابا ، — بولىدىغان ئىش بولدى ، يىغلىغانغا ئورنىغا كەلمەيدۇ . بىز سىر ساقلىمىساق بولمايدۇ ، سىر جاما- ئەت ئارىسىغا يېيىلىپ كەتسە ، بېشىمىزغا بالا - قازا بولىدۇ .

قاسىمنىڭ ئايالى دەرتكە پايلىماي يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن ئەلى بابا قاسىمنىڭ مىراسخورى بولۇپ قاپتۇ . ئۇ خوتۇنى بىلەن قاسىمنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەپتۇ . قاسىمنىڭ مارجانە ئىسىملىك ئەقىللىق ، ياش دىدىكى بار ئىكەن . ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى قاسىمنىڭ خىزمىتىنى قىلغانىكەن .





مارجانە بىر موزدوزنىڭ دۇكىنىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر تىللا بېرىپ:

— كۆزۈڭنى بىر پارچە رەخت بىلەن تېڭىپ ئۆيۈمگە ئاپىرىمەن، قىلىدىغان ئىش بار! — دەپتۇ.

موزدوز ئۇنىماپتۇ، مارجانە ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە تىللانى بېرىپتۇ. ئۆمرىدە بۇنچە جىق تىللانى كۆرۈپ باقمىغان موزدوز ماقۇل بوپتۇ.

مارجانە موزدوزنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، ئەلى بابانىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. ئۇ موزدوزنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، پارچىلانغان جەسەتنى ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تىكىشنى بۇيرۇپتۇ. موزدوز بار ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ بۇنى ئورۇنداپتۇ. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، مارجانە ئۇنىڭ كۆزىنى يەنە تېڭىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. موزدوز بۇ ئەمگىكى ئۈچۈن بىر ھەميان تىللاغا ئېرىشىپتۇ.

شۇ ئىش بولۇۋاتقان چاغدا، قاراقچىلارنىڭ باشلىقى جەسەتنىڭ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بايقاپتۇ.

— غارنىڭ سىرىنى يەنە بىر كىشىمۇ بىلىدىكەن! — دەپتۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىقى، ئاندىن ئەخمەت باش كېسەر دېگەن بىر قاراقچىنى ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرگە ئەۋەتىپتۇ.

بەزى ئىشلار شۇنداق توغرا كېلىپ قالىدىكەن: ئەخمەت باش كېسەرنىڭ تاپىنى تېشىلگۈدەك بولغاندا، بىر موزدوز دۇكىنىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە موزدوزنىڭ بىر كىشىگە دەۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ:

— مەن پەقەت تۆت پارچە قىلىشىتىلگەن بىر جەسەتنى تىكىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدۇم، ئۇلار ماڭا بىر ھەميان تىللا بەردى. بۇنداق كاتتا ئىش نەدە بار دەيسەن!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەخمەت باش كىيسەر بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئەگەر سەن مېنى ئۇ يەرگە باشلاپ بارساڭ، مەنمۇ ساڭا بىر ھەميان تىللا بېرىمەن، — دەپتۇ ئۇ.

موزدۇز بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا ئولتۇرالمايلا قاپتۇ. ئەمما، ئەينى چاغدا كۆزى تېڭىپ قويۇلغان بولغاچقا، ئۆزى كۆرمىگەن ئۆينى قانداقمۇ تاپالىسۇن؟

— مەنمۇ سېنىڭ كۆزۈڭنى تېڭىپ قوياي، — دەپتۇ قاراقچى، — سەن قايسى يول بىلەن ماڭغانلىقىڭنى ئاستا - ئاستا ئەسلىگىن!

موزدۇزنىڭ يولنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئالدىنقى قېتىمدا ئۆزىنىڭ ماڭغان قەدەم سانىنى سانىۋالغانىكەن. شۇڭا، ئۇ ئەلى بابانىڭ ئۆيىنى ناھايىتى تېزلا تېپىۋاپتۇ.


گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن قاراقچى موزدۇزغا بىر ھەميان تىللا بېرىپ ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ كوچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى بىر قېلىپتا سېلىنغان بولۇپ، ئاۋۋال كېلىپ كۆرمىگەن كىشى ئۆينى بىردىنلا تونۇپ كېتەلمەيدىكەن.

ئەخمەت باش كىيسەر ئەلى بابانىڭ ئىشىكىگە قوشۇش بەلگىسىنى سىزىپ قويۇپتۇ - دە، باشلىقىغا خەۋەر يەتكۈزگىلى ئالدىراپ - تېنەپ شەھەردىن چىقىپتۇ.

لېكىن، سودىلىق قىلغىلى بازارغا ماڭغان مارجانە ئىشىكتىكى غەلىتە بەلگىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ.

«بۇ نېمە ئىشتۇ؟ — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ، — ئېگىمىز يەرگە سىزىلغىنىدىن قارىغاندا، بۇ چوڭ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى. ئۇ بىزنى ئۆلتۈرۈش ياكى بۇلاش مەقسىتىدە مۇشۇ بەلگىنى سىزغان بولسا كېرەك، ئۇنى بۇ ئىزدىن ئازغاشتۇرۇۋېتەي!...»





شۇنىڭ بىلەن مارجانە بۇ كوچىدىكى ھەممە ئىشىكلەرگە قوشۇش بەلگىسىنى سىزىپ قويۇپتۇ.

قاراقچىلار باشلىقى ئەخمەت باش كېسەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئادەملىرىنى باشلاپ شەھەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ھېلىقى كوچىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى ھەممىلا ئۆينىڭ دەرۋازىسىدا قوشۇش بەلگىسىنىڭ بارلىقى قاراقچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ.

قاراقچىلار تاغقا قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى غەزەپكە پايلىماي ئەخمەت باش كېسەرنى چېپىپ تاشلاپتۇ ۋە ئۆزى شەھەرگە كىرىشنى قارار قىپتۇ. ئۇ سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ موزدۇزنىڭ دۇكىنىغا كەپتۇ. موزدۇز يەنە بىر ئاز پۇل تېپىش ئۈچۈن ئۇنى ئەلى بابانىڭ ئىشىكى ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ.




مەككار قاراقچىلار باشلىقى ئەلى بابانىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈكۈۋېلىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن قول ئاستىدىكىلەرگە بىر هاراۋا ۋە ئوتتۇز توققۇز كۈپ سېتىۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ھەربىر كۈپكە بىردىن قاراقچى يوشۇرۇنۇپتۇ، ئاخىرقىسىغا لىققىدە ياغ قاچىلىنىپتۇ، قاراقچىلار باشلىقى هاراۋىنى ھەيدەپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، قاراقچىلار باشلىقى ياغ سودىگىرى قىياپىتىدە ياسىنىپ ئەلى بابانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، بىر كېچە قونۇشقا ئىجازەت بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ئەلى بابا ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ، خىزمەتكارلىرىنى ئۇنىڭ قېچىرلىرىغا يەم، سۇ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ، هاراۋا ۋە ئاتلىرىنى هويلىسىغا جايلاشتۇرۇپتۇ، ئاندىن مارجانەنى چاقىرىپ:

— ئۆيىمىزگە مېھمان كەلدى، بۈگۈن كېچە قونىدۇ، ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق تەييارلىغىن، مېھماننى ياخشى كۈت، — دەپ تاپىلاپتۇ.

قاراقچىلار باشلىقى ئارىلىقتا ئوغرىلىقچە هويلىغا چىقىپتۇ. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ھەر ۋاقىت تەييار بولۇپ تۇرۇشنى، بەلگە سۆزنى ئاڭلىغان هامان كۈپتىن چىقىپ، بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ.





مارجانە ئۆيدە سۇماي تۇگەپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ — دەپتۇ ئۇ، — بۇ كېچىدە ماينى نەدىنمۇ تاپارمەن؟

ئۇ ئامبارغا كىرىپ باقماقچى بولۇپ ھويلىغا چىقىپتۇ - دە، كۆپلەرنى كۆرۈپ: «مېھمانىنىڭ مېيىدىن ئىشلىتىپ تۇرۇپ، ئەتە ماي سېتىۋېلىپ ئورنىغا قويۇپ قويىمايمۇ» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، ئۇ بىرىنچى كۆپنى ئېچىپتۇيۇ، بىر قاراپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى، كۆپنىڭ ئىچىدىن قوپال ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ۋاقىت توشتىمۇ؟

— ياق، تېخى توشمىدى.

مارجانە ئاۋازىنى بوم چىقىرىپ جاۋاب بېرىپتۇ، ئاندىن كۆپلەرنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ بېقىپتۇ، ھەممىسىدىن ھېلىقى سوئاللا ئاڭلىنىپتۇ.

مارجانە ئاخىرقى كۆپتىلا ماي بارلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۆپتىكى ماينى قىزىتىپتۇ ۋە پاژىلداپ تۇرغان ماينى ھەربىر كۆپتىكى قاراقچىنىڭ بېشىغا قۇيۇپتۇ.

قاراقچىلار باشلىقى بەلگە سۆزنى ئېيتماقچى بولۇپ ھويلىغا چىققاندا، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بىرىنىڭمۇ تىرىك قالمىغانلىقىنى بايقاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق تۇزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ - دە، بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى مارجانە ئەلى باباغا ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈن كېچىدە قىلغان ئىشلىرىنى ئېيتىپتۇ .ئەلى بابا بۇلارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بوپتۇ ، خىزمەتكارلارنى چاقىرىپ ئورا كولاتقۇزۇپ ، كۆپتىكى قاراقچىلارنى كۆمدۈرۈپتۇ .

يەكچەشمە قاراقچى شۇ قاچقان پېتى غارغا كېلىپ توختاپتۇ . ئۇ ئەلى بابادىن قانداق ئۆچ ئېلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ .

ئەتىسى قاراقچىلار باشلىقى ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىۋېتىپ ، گىلەم ساتقۇچى سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپتۇ . بازاردا ئۇ بىر پارچە چىرايلىق گىلەمنى ئەلى بابانىڭ جىيەنىگە قەستەن ئەرزان باھادا سېتىپ بېرىپتۇ ۋە : «بۇ ھاماقەت ھامان بىر كۈنى مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىدۇ ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن » دەپ ئويلاپتۇ .

راست دېگەندەك ، جىيەنىنىڭ سېتىۋالغان گىلىمىنى كۆرگەن ئەلى بابا ئەتىسى گىلەمچىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ . مارجانە گىلەم سودىگىرىنىڭ قاراقچىلار باشلىقى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇۋاپتۇ ، ئەمما چاندۇرماپتۇ . يەكچەشمە قاراقچى شۇ كۈنى ساقىلىنى بويىتىپ ، يېڭى تون كىيىپ ، بەلۋېغىغا خەنجەر قىستۇرۇۋالغانىكەن .

قورۇما - تائاملار تارتىلىپتۇ ، سازەندىلەر سازلىرىنى شوخ كۈيلەرگە چېلىشقا باشلاپتۇ . مارجانە ئەلى باباغا سورۇننىڭ تۆرىگە ھەرگىز ئۆتمەسلىكنى پىچىرلاپتۇ ، ئاندىن بىر كۈپ شاراب ئېلىپ چىقىپ ساقىيغا تاپشۇرۇپتۇ . كېيىن ، ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشىگە ئىجازەت






بىرلىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ .

سازەندىلەر شوخ ئۇسسۇل كۈيىگە چېلىپتۇ ، مارجانە ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ ۋە ئۇسسۇلنى بارا - بارا تېزلىتىپ قۇيۇندەك پىرقىراپتۇ . پىرقىراش ئەۋجىگە چىققاندا ، ئۇ تۇيۇقسىز قاپلاندەك ئېتىلىپ كېلىپ ، گىلەم سودىگىرىنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ خەنجەر ئۇرۇپتۇ ! سودىگەر قاتتىق ۋارقىراپتۇ - دە ، شۇ ھامان جان بېرىپتۇ .

بىردەملىك ئۇپۇر - توپۇردىن كېيىن ، ئەلى بابا ۋە خىزمەتكارلىرى ئۆزىنى گىلەم سودىگىرى دەپ تونۇشتۇرغان يەكچەشمە قاراقچىنى تونۇپتۇ .

ئەقىللىق مارجانە ئەلى بابانىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ ، كېيىن ئۇلار بەختلىك ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ قاپتۇ .

ئەمدى ئەلى بابا ھېلىقى بايلىقنىڭ سىرىنى بىلىدىغان بىردىنبىر كىشى بولۇپ قاپتۇ . ئۇبۇ بايلىقنى پەم بىلەن ئىشلىتىپتۇ ، قىرىق قاراقچى غارنى ئاچىدىغان ھېلىقى ئەپسۇننى ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمەپتۇ .



# شاتۇتى پادىشاھ

ئاسىيا چۆچەكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)

نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى، ئىراندا ياش ھەم باتۇر بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادىللىق بىلەن يۇرت سوراپ، ھەر ۋاقىت دۆلەت ۋە خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى يىلدىن - يىلغا گۈللىنىپ قۇدرەت تاپقانىكەن، خەلقىمۇ باياشاتچىلىق ئىچىدە بەختىيار ياشايدىكەن.

ئۇ تولىمۇ تەقۋادار كىشى ئىكەن، ھەر كۈنى ئۆزى سالدۇرغان ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىپ، تەڭرىدىن ئۆز ئېلىگە خاتىرجەملىك ۋە باياشاتلىق تىلەيدىكەن.





بىر كۈنى ئۇ ئىبادەت قىلىۋېتىپ ، تەڭرىنىڭ پەس ئاۋازدا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ :

— ئەي ۋاپادار بەندەم ، شۇ تاپتا مەن سېنى بىر ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزمەكچىمەن . تىلەيدىغىنىڭنى ئېيت ، سەن نېمىگە ئېرىشمەكچى بولساڭ ، ھازىر شۇنىڭغا ئېرىشەلەيسەن .

پادىشاھ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ، دۇئا قىلىشقا باشلاپتۇ :

— جىمى ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى تەڭرىم ، سېنىڭ مەن ۋە خەلقىم ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئىشلىرىڭدىن چەكسىز مىننەتدارمەن . ئېي تەڭرىم ، ئەگەر مۇمكىن بولسا ، ماڭا كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلغايسەن . زۆرۈر بولغان ھەرقانداق ۋاقىتتا ، مېنىڭ روھىمنى باشقا بىر ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ ۋۇجۇدىغا يۆتكىلەلەيدىغان خىسلەتكە ئىگە قىلغايسەن . روھىم ئۆزۈمنىڭ ۋۇجۇدىغا قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن مېنىڭ تېنىمنى شۇ پېتى ساقلىنىپ تۇرالايدىغان قىلغايسەن .

تەڭرى دەپتۇ :

— بولىدۇ ، ئەمما ئوبدان قۇلاق سال…

تەڭرى ئۇنىڭغا ئۆز تىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرىنى بىرمۇبىر ئۆگىتىپتۇ .

پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپلا پېشقەدەم باش ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ . ئۇ دانا ۋەزىر بولۇپلا قالماي ، يەنە پەم - پاراسەتلىك ھەربىي ئالىم ئىكەن . پادىشاھ ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن ، باش ۋەزىر بۇنىڭدىن قاتتىق گۇمانلىنىپتۇ ۋە كۆڭلىدە ئويلاپتۇ :


«ئەقىلگە سىغمايدىغان بۇ غەلىتە ئىش ئىكەن بۇ ! لېكىن ، بۇ ئىش پادىشاھنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغانىكەن ، ئۇنىڭ ئۆز ئىزىدا كېتىۋاتقان تۇرمۇش يولىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات مۇساپىسىغا ئەگرى - توقايلىقلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن . شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭغا بۇ ئەندىشەمنى دېسەم ، ئۇ ئېرەن قىلماسلىقى ، ھەتتا مېنى مەسخىرە قىلىشى مۇمكىن . لېكىن ، مەن ئۇنىڭغا نىسبەتەن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق خەتەرگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يول قويماسلىقىم كېرەك . ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان ئىش ئۆيلىنىشتۇر . بۇنداق بولغاندا ، ئۇنىڭ خەتەرلىك قارار چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ . ھەممىگە مەلۇمكى ، يۇرت ئىگىسىنىڭ بىھۇدە خىيالغا بېرىلىپ سادىر قىلغان غەلىتە قىلمىشلىرى تىنچ ئەلنى بىراقلا ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ .»

شۇنىڭ بىلەن ، باش ۋەزىر پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىگە قارىتا يا ئاق ، يا كۆك دېمەپتۇ ، ئەمما ئاستىرتتىن پادىشاھقا لايىق ئىزدەشكە باشلاپتۇ .

ئىران پادىشاھلىقى بىلەن چېگرىداش ئەلدە مۇنبەت بىر تۈزلەڭلىك بار ئىكەن . بۇ ئەل پادىشاھىنىڭ گاررا ئىسىملىك يالغۇز قىزى بار ئىكەن . ئۇ ياش ، گۈزەل ھەم مۇلايىم ئىكەن . ئەمما ، قېرى پادىشاھ قىزىنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا سۆزلىشىشنى زادىلا خالىمايدىكەن .

شۇنداق بولسىمۇ ، ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ . پادىشاھ كەلگەنلىكى ئادەمگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشنىڭ باشقىچە ئۇسۇلىنى تاپمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ مەلىكىگە توي قىلىش تەكلىپى قويغۇچىلارنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ بىر پىلانىنى تۈزۈپتۇ : ئۇ ئوردىدىكى باغقا بىر تۈپ ئىنتايىن چوڭ ئانار دەرىخى تىككۈزۈپتۇ . بۇ سېھىرلىك دەرەخ بولۇپ ، پەقەت ئۈچ دانىلا ئانار چۈشىدىكەن .

ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرىدىغان چاغدا ، ئانار شاخلىرى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ ، ئانار يېرىلىدىكەن . ھەربىر ئانارنىڭ ئىچىدە مەلىكىنىڭ ئۇخلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان ماموق كارىۋات بولۇپ ، ئىككى تەرىپىدە ئىككى كېنىزەك تۇرىدىكەن . مەلىكە چىققاندىن كېيىن ئانار قىزلارنىڭ باش ئۈستىدە يېپىلىپ ، ئانار شېخى يەنە بوشلۇققا قايتىپ ، مەلىكىنى خەتەردىن يىراق بولغان ئېگىز جايغا ئاچىقىپ كېتىدىكەن .




قېرى پادىشاھ باغنىڭ ئەتراپىغا يەتتە قۇر پاسىل تام سالدۇرۇپتۇ ، ھەربىر تامنىڭ ئۈستىگە ئۈچلۈق نەيزىلەر قادىلىپ ، كىشىلەرنىڭ كىرىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغانىكەن .

بۇ ئىشلار يۈتكەندىن كېيىن، قېرى پادىشاھ پۈتۈن ئەلگە شۇنداق دەپ جاكارلاپتۇ:

— كىم مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئۇ ئالىيجاناب، باي، قەيسەر بولۇشى، يەنە مەلىكە تۇرىدىغان ئانارنى ئۈزەلىشى كېرەك. لېكىن، ئۇ شۇنىڭغا ئاگاھ بولۇشى كېرەككى، يەتتە قۇر پاسىل تامدىن ئۆتەلمىسە، كاللىسى ئېلىنىپ جېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ.





مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالى ۋە ئې-
سىل خۇلق - مىجەزىگە كۆيۈپ، ئۇ-
نىڭ بىلەن توي قىلىش كويىدا يۈرگەن
يىگىتلەر پادىشاھنىڭ شەرتلىرىنى ئو-
رۇنداش يولىدا جان پىدا قىلىشقا ئۆز-
لىرىنى ئاتىشىپتۇ. لېكىن، نۇرغۇنلى-
غان باتۇر يىگىتلەر كەينى - كەينىدىن
باغنىڭ تېمىدىكى نەشتەردەك ئۇچلۇق
نەيزىلەرگە سانجىلىپ جېنىدىن جۇدا
بولۇپ كېتىپتۇ.

«پادىشاھىمىز ياش ھەم باتۇر، ئۇ
قوشنا ئەلنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنى-
شى كېرەك!» دەپ ئويلاپتۇ پېشقەدەم
باش ۋەزىر.

ئۇ ھەر كۈنى ياش پادىشاھقا
قوشنا ئەلدە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر-
نى، مەلىكىگە ئۆيلەنمەكچى بولغانلار
دۇچ كەلگەن خىلمۇخىل سىناقلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ياش پادىشاھ بارا-
بارا بۇ ھېكايىلەرگە قىزىقىپ قاپتۇ، بىر كۈنلەرگە بارغاندا، ئۇ مەلىكىگە
غايىبانە ئاشىق بوپتۇ.




پادىشاھ مۇلازىملىرىغا قانات - پەيلى-
رى رەڭدار ۋە ئۇزۇن، ئۆتكۈر تۇمشۇق-
لۇق چوڭ بىر شاتۇتنى تاپقۇزۇپتۇ، ئاند-
ىن باش ۋەزىرگە:


— ئەي دانىشمەن ۋەزىرىم، مەن قوشنا
ئەلنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش نىيىتىگە
كەلدىم. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قويغان شەرتى-
نى ئورۇنداش ئۈچۈن مەن روھىمنى بۇ شا-
تۇتنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرگۈزمەكچى. سەن
روھىم قايتىپ كەلگۈچە، مېنىڭ جىسمىم-
نى ئوبدان ساقلا.

پادىشاھنىڭ روھى ۋۇجۇدىغا كىرگەن
شاتۇتى تېزلىك بىلەن كۆككە كۆتۈرۈلۈپ-
تۇ-دە، ئۇردا ئاسمىنىنى بىرنەچچە قېتىم
ئايلىنىۋېتىپ، قوشنا ئەلگە قاراپ ئۇچۇپ
كېتىپتۇ.

شاتۇتى ئۇچا ـ ئۇچا ، قوشنا ئەل پادىشاھىنىڭ ئور-
دىسىغا يېقىنلاپتۇ ، ئەمما ئۇزۇن سەپەر ، شامالغا قارشى
تىنماي ئۇچۇش ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈپتۇ . شۇنداق بول-
سىمۇ ، شاتۇتى بار كۈچى بىلەن ئۇچۇپتۇ ، ئوردا بېغى-
نىڭ يەتتە قۇر تېمىدىن ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى قاتار ـ
قاتار نەيزىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، بىخەتەر ھالدا ھېلىقى
سېھىرلىك ئانار دەرىخىنىڭ يېنىغا قونۇپتۇ .

كۈن پاتقان چاغدا ، گاررا ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى
ئانارنىڭ ئىچىدە ئۇخلاش ئۈچۈن كەپتۇ . ئۇلار ئانارنىڭ
ئىچىگە كىرىپ ، ئانار ئەمدىلا يېپىلاي دېگەن-
دە ، شاتۇتى قىياپىتىدىكى ياش پادىشاھ گۈزەل
مەلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ . مەلىكىنىڭ چاقناپ
تۇرغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىۋاتقۇ-
دەك .





شاتۇتی قیاپیتیگە کیریۋالغان یاش پادیشاھ مەلیکینیڭ گۈزەللیکینی ئۆز کۆزی بیلەن کۆرۈپ ، ئۇنیڭغا تېخىمۇ ئاشیق بوپتۇ ۋە : «مەن ساڭا ئېریشمەي قویمایمەن !» دەپ ئویلاپتۇ . ئۇ ئالغا ئینتیلیپتۇ ، ئەمما ئانار ئاستا یېپیلیپ قاپتۇ ، ئانار شېخی بوشلۇققا قایتیپتۇ . ئانار چوڭلۇقیمۇ ئەسلىي ھالیتیگە کېلیپ یۇقیریغا کۆتۈرۈلۈپتۇ . دەل شۇ پەیتتە ، شاتۇتی ئوقتەك ئېتیلیپ بېریپ ، ئۆتکۈر تۇمشۇقی بیلەن ئانارنی بیر چیشلەپ شاختین ئۈزۈۋاپتۇ ، ئاندین پەنجیسی بیلەن ئانارنی چیڭ قامالاپ ، قاراڭغۇلۇق ئیچیگە ئۇچۇپ کیریپ کېتیپتۇ .


شاتۇتی قیاپیتیدە کیریۋالغان یاش پادیشاھ ئۆزینیڭ ئېلیپ کېتیۋاتقینی بیر سېھیرلیك ئانار ئیکەنلیکینی ، ئۇنیڭ سېھیري کۈچی ئۆزینیڭ ئۇچۇشینی تېخىمۇ قییینلاشتۇرۇۋېتیدیغانلیقینی چۈشینیپتۇ . ئۇنیڭ قاناتلیری ھېریپ ھالیدین کېتیپتۇ ، سۈرئیتیمۇ ئاستیلاپ کېتیپتۇ . پەنجیلیری بوشیشیپ ئانار چۈشۈپ کېتەي - چۈشۈپ کېتەیلا دەپ قاپتۇ . ئەمما ، ئۇ بۇ ئانارنیڭ ئیچیدە ئۆزی ئاشیق بولغان گۈزەل مەلیکینیڭ بارلیقی ئېسیگە کېلیپ ، ئۇنیڭ کۆز ئالدیدا گاررانیڭ شەھلا کۆزلیری پەیدا بوپتۇ . شۇ ھامان ئۇنیڭ پۈتۈن ۋۇجۇدی یەنە کۈچ - قۇۋۋەتکە تولۇپتۇ .

«غەيرەت قىل، ھەرگىز بوشاشما! — دەپتۇ شاتۇتى ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، — ئاخىرقى كۈچۈڭ قالغۇچە ئالغا قاراپ ئۇچۇشۇڭ كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۆز جىسمىڭغا قايتىپ بارالايسەن، چۈشىدە كۆرگەن، ھازىر ئانارنىڭ ئىچىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ساھىبجامال مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيسەن!...»

پادىشاھ شاتۇتىغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتكەندىن بۇيان، باش ۋەزىر كېچە-كۈندۈز كىرپىك قاقماپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ جانسىز جىسمىنى ساقلىغىنىچە، ئېچىقلىق تۇرغان دېرىزە ئالدىدىن نېرى كەتمەي كۆككە قاراپ تەلمۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى باش ۋەزىر دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ دۇئا قىلىپ تۇرغاندا، بىر قۇشنىڭ ئوردىغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

شاتۇتى دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرىپ، قىممەتلىك ئانارنى پادىشاھنىڭ جىسمى ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىغا ئاستا قويۇپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



ياش پادىشاھ ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ . باش ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئېتىپ :


— مەرھابا ، مۆھتەرەم پادىشاھىم ، ئاخىر قايتىپ كەلدىڭىز ! يولىڭىزغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلەي دېدى ، — دەپتۇ .


پادىشاھ يېنىك نەپەس ئاپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ .

ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ ! بۇ چاغدا ، ئانار ئاستا ـ ئاستا يوغىناشقا باشلاپتۇ ، ئاندىن كېيىن ئاستا يېرىلىپ ، ئىچىدىن چىرايى تەبەسسۇمغا تولغان گاررا چىقىپ كەپتۇ .

— مەن قەيەردە ؟

— سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا كېچە ـ كۈندۈز تەشنا بولغان بىر ئاشىق يىگىتنىڭ دەرگاھىدا ، — دەپتۇ ياش پادىشاھ ۋە قولىدىن تۇتۇپ ئۇنى ئانادىن پەسكە چۈشۈرۈپتۇ .





باش ۋەزىر خۇشاللىق بە-
لەن يۇقىرى ئاۋازدا دەپتۇ :
— قەدىرلىك مەلىكەم ،
شۇ تاپتا سىز بولغۇسى ئېرى-
ڭىزنىڭ قەسرىدە ! ئۇ ھۆر-
مەتلىك ئىران پادىشاھىدۇر !
گاررا كۆز ئالدىدا تۇرغان
كېلىشكەن يىگىتكە ناز بىلەن
بېقىپتۇ . مەلىكە بۇ باتۇر ، قا-
ۋۇل يىگىتنى بىر كۆرۈپلا چىن
دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ .
ئەتىسى پادىشاھ بىلەن
مەلىكىنىڭ كاتتا توي مۇراسى-
مى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈپ-
تۇ . پۈتۈن ئەل شادلىققا چۆ-
مۈپتۇ ، توي قىرىق كېچە -
كۈندۈز داۋام قىپتۇ . بۇ تويغا
مەلىكىنىڭ دادىسى — قېرى پا-
دىشاھمۇ قاتنىشىپ ، قىزىنىڭ
بەختى ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ . بىر
جۈپ قىز - يىگىت بىر - بىرى-
گە بىر ئۆمۈر سادىق ۋە مېھرى-
بان بولۇپ بەختىيار تۇرمۇش
كەچۈرۈپتۇ .
شۇنىڭدىن تارتىپ ، شاتۇ-
تى ئىران خەلقىنىڭ ئارىسىدا
چەكسىز ھۆرمەتكە سازاۋەر
بولغانىكەن . ئىران پادىشاھلى-
قىنىڭ قالقان شەكىللىك گېر-
بى ۋە لەپىلدەپ تۇرغان جەڭ
بايرىقىدا شاتۇتىنىڭ رەسمى
بار ئىكەن . شاتۇتى ئىران پادى-
شاھلىقىنىڭ مۇقەددەس سىمى-
ۋولىغا ئايلانغانىكەن .



# يىغلاڭغۇ مەلىكە

ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاچ كۆزلۈك ۋە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشتە نامى پۇر كەتكەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ كۈنلىرى كەيپ - ساپا ئىچىدە ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ يا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى بىلەن، يا پۇقرالار-نىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى يوق ئىكەن. ئوردا خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالسا، ئۇ پۇقرالاردىن مەجبۇرىي پۇل يىغىدىكەن، خىيالىغا كەلگەنچە سېلىق سالىدىكەن، قالايمىقان باج ئالىدىكەن. ئۇ كەمبەغەل - يوقسۇللارنىلا ئە-مەس، باي - ئاقسۆڭەكلەرنىمۇ ئارامخۇدا ياشىغىلى قويمايدىكەن.

زالىم پادىشاھنىڭ زۇلۇمىغا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار پادىشاھنىڭ يولسىزلىقلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كېڭەش يىغىنى ئېچىپتۇ.



يىغىندا ئۇلار بىردەك ئاۋازدا : مەجبۇرىي پۇل يىغىش ۋە قالايمىقان باج ئېلىش مەنئىي قىلىنىشى كېرەك ، ئەگەر پادىشاھ يەنىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ بىزگە زۇلۇم سالسا ، ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىشىمىز كېرەك ، دېيىشىپتۇ .


پادىشاھ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆزىگە قارشى يىغىن ئېچىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ . ئۇ پۇقرالىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ، ئۆزىنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىشىدىن ئەندىشە قىپتۇ . ئۇ ئاقسۆڭەك ۋە پۇقرالارنىڭ غەزىپىنى بېسىش ئۈچۈن ، بىر جاكارنامىنى تەييارلاپ ياساۋۇللىرىنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ . جاكارنامىگە مۇنۇلار يېزىلغانىكەن :

«قىزىم سارا بولغۇسى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن زار - زار يىغلاپ ، غەم - قايغۇ ئىچىدە ياشىماقتا . شۇنى جاكارلايمەنكى ، قايسىبىر ئاقسۆڭەك ئۇنى قايتىدىن خۇشاللىقتا ئېرىشتۇرۇپ ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتەلىسە ، شۇ كىشىنىڭ دۆلەتكە تۆلەشكە تېگىشلىك باجلىرى مەڭگۈ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ .»

بۇ خەۋەر كېڭەش يىغىنىدا غۇلغۇلا پەيدا قىپتۇ . كۆپ ساندىكى ئاقسۆڭەكلەر بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىز دەپ قاراپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ تەييارلىق قىلىپ ، سارانىڭ قايغۇسىنى تۈگەتمەكچى ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتمەكچى بوپتۇ .

شۇ كۈندىن باشلاپ ، توپ - توپ ئاقسۆڭەك چەۋەندازلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوردىغا قاراپ ئېقىپتۇ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى ۋە شېرىن - شېكەر سۆزلىرى بىلەن يىغلاڭغۇ مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بوپتۇ ، لېكىن مەقسىتىگە زادىلا يېتەلمەپتۇ .

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن شاھزادىلەر ، ئېسىلزادىلەر ۋە باتۇر يىگىتلەر ئىشەنچى تولۇق ، ئۇمىدكە تولغان ھالدا قاتتىق تىرىشقان بولسىمۇ ، مەلىكە ئۇلارغا «لاپىدە» بىرلا قاراپ قويۇپ ، يىغىسىنى يەنە يىغلاۋېرىپتۇ .





پادىشاھنىڭ گۈلقەقەلىـ
رى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. شۇ
تاپتا ئۇ خۇشال بولماي كىم
خۇشال بولسۇن؟ مەغلۇپ
بولغۇچىدىن بىرى كۆپەيـ
سە، پادىشاھقا باج تاپشۇرـ
غۇچىدىن بىرى كۆپىيىدىغان
تۇرسا!

بىر كۈنى بىر موڭغۇل
شاھزادىسى ئوردا ئالدىغا
كەپتۇ. ئۇ مەلىكىنى كۈلدۈـ
رۈشكە ئۈمىد باغلاپ، ئۇدا
بىرنەچچە سائەتكىچە توخـ
تىماي ساز چېلىپ ناخشا
ئېيتىپتۇ. ئۇ ئاۋۋال مۇڭلۇق بىر كۈيگە چېلىپتۇ، ئاندىن كېيىن بىرنەچـ
چە شوخ پەدىگە چېلىپتۇ، ئاخىرىدا تازا شوخ كۈيگە چېلىپتۇ. مەلىكە
ئۇنىڭغا ئۇزاقىچە قاراپتۇ، ئارقىدىن تۇيۇقسىز قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ.

كوردىلارنىڭ ئىنتايىن قىزىقچى بىر ئاقساقىلى بار ئىكەن. ئۇ بۇرۇن
قىزىق ـ قىزىق چاقچاقلىرى ۋە لەتىپىلىرى بىلەن ئوردىدىكىلەرنى ئۇچەيلىـ
رى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرۈپ كەلگەنىكەن. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ قىزىق
گەپلىرى مەلىكىگە ئازراقمۇ تەسىر قىلماپتۇ.

بەزى ئاقسۆڭەكلەر يىراقتىكى پارستىن كەپتۇ، ئەمما ھېچقايسىسى
مەقسىتىگە يېتەلمەي يۇرتىغا قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ.





مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن شۇنچە نۇرغۇن ئىسىلزادىلەر كەپتۇ، ئەمما خېلى كۈنلەرگىچە ئۆمەر ئىسىملىك بىر يىگىت كېلىپ باقماپتۇ. ئۇ ئەقىللىق، پەم - پاراسەتلىك يىگىت ئىكەن. ئۇ بۇ ئەلدىكى چەت، يىراق بىر تاغلىق جايدا ياشايدىغان بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئۇنىڭ يۇرتى پايتەختتىن يىراق بولغاچقا، مەلىكە توغرىسىدىكى خەۋەرنى كېچىكىپ ئاڭلاپتۇ.

ئۆمەر خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال سەپەرگە تەييارلىق قىپتۇ ۋە ئارغىماقىغا مىنىپ پايتەختكە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ، نەچچە داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، نەچچە دەريانى كېچىپ، قاراڭغۇلۇق پەردىسى زېمىننى ئورىغان بىر كەچتە پايتەختكە يېتىپ كەپتۇ.

ئەتىسى ئۆمەر مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. ئۇ يا بىرەر ئېغىز قىزىق گەپ قىلماي، يا شەيتانلىق بىلەن ئاللىقانداق غەلىتە قىلىقلارنىمۇ قىلماي، پەقەت مەلىكىگە قادىلىپ قاراپ تۇرىۋېرىپتۇ. سارا يىغىسىنى توختىتىپ، چىرايى قىلچە ئىپادىسىز ھالدا ئۆمەرگە تىكىلىپ قاراپتۇ.



كېيىن ئۆمەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئالىيلىرى ، قولىڭىزدىكى ھوقۇق كالتىكىڭىزنى ماڭا بېرىپ تۇرسە-ڭىز ! — دەپتۇ .


ئۆمەرنىڭ بۇ غەلىتە تەلىپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئەجەبلەنگەن ھالدا بىر-دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ ، ئاندىن قولىدىكى كالتەكنى ئۇنىڭغا سۇنۇپتۇ .

ئۆمەر ساراغا تازا ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ ، ئاندىن كالتەكنى ئېگىز كۆتۈ-رۈپتۇ - دە ، ئۇنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى ساپتۇ .

چىرقىرىغان ئاۋازلار ئۆي ئىچىنى بىر ئاپتۇ . پادىشاھ غەزەپلەنگەن ھالدا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ ، ئۇنىڭ قىزلىرى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ-تۇ ، ياساۋۇللار قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇشۇپتۇ . لېكىن ، ئۇلار كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ئىش تۈپەيلى ، ئېغىزلىرىنى يوغان ئاچقان ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ .

توۋا ، بۇ نېمە ئىشتۇ ؟ ئۆمەرنىڭ بىر كالتەك سېلىشى بىلەن سارانىڭ كاللىسى يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ - دە ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۈزۈلگەن يۈرژىنا دەمىسىز ، مېتال پارچىسى دەمسىز ، بىرمۇنچە نەرسىلەر چۇۋۇلۇپ چىقىپ تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپتۇ . ئەسلىدە زادىلا كۈلمەيدىغان مەلىكە سارانىڭ ئۆزى ئەمەس ، بەلكى بىر چىرايلىق قونچاق ئىكەن ئەمەسمۇ ! شۇغىنىسى ، ئۆمەردىن ئۆزگە ھېچكىم بۇنى تونۇپ يەتمىگەنىكەن .

بىر چاغدا ھەممەيلەن ئېسىگە كەپتۇ ، ئۆي ئىچىدە پىچىر - پىچىر پاراڭلار باشلىنىپ كېتىپتۇ . پادىشاھنىڭ ئەڭ كىچىك مەلىكىسى بىر چەتتە تۇرۇپ ھە دەپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ .





ھېلىسى پاش بولۇپ قالغان پادىشاھ دەردىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا كۈلگەن كىچىك قىزىغا غەزەپ بىلەن قاراپتۇ. ئەمما، كاللىسىغا كەلگەن بىر ئوي ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بېسىپتۇ. ئۇ:

«باشقۇرۇش قىيىن بولغان كەپسىز قىزىمدىن قۇتۇلۇشۇمغا ئىمكان بېرىدىغان ھەم تەختىمنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشىمغا ياردەم بېرەلەيدىغان چېچەن كۈيئوغۇلغا ئىگە بولىدىغانىنىڭ يولىنى قىلمايمۇ!» دەپ ئويلاپتۇ.


— ھەي بەگۋاش يىگىت، سەن ئۆزۈڭنىڭ قوپاللىقى ۋە ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىقسەن، — دەپتۇ پادىشاھ، — لېكىن، سېنىڭ پەم-پاراستىڭ مېنى قايىل قىلدى. ئەگەر سەن كىچىك قىزىم بىلەن توي قىلساڭ، سېنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلىمەن، ئەلۋەتتە سېنىڭدىن ئېلىنىدىغان باجنىمۇ بىكار قىلىمەن.

ئۆمەر كىچىك مەلىكىگە قاراپتۇ، ئاندىن بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بوپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «كەلگۈسىدە مەن سېنىڭ تەختىڭگە ئولتۇرىمەن، شۇ چاغدا پۇقرالار تاپشۇرىدىغان تۈرلۈك قالايمىقان باجلارنى بىكار قىلىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى بىلەن توي قىپتۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ.

# پادىشاھ بىلەن ئاق لەيلەك

ئاسىيا چۆچىكى («مىڭ بىر كېچە»دىن ئېلىنغان)



بۇرۇنقى زاماندا، پارس ئېلىنىڭ سارشا ئىسىملىك بىر پادىشاھى ئۆتكەنىكەن. ئۇ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورىغانلىقى، ھەر ۋاقىت پۇقرالارنىڭ غېمىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن، ئەل ئارىسىدا ئاجايىپ زور ھۆرمەتكە ئىكەن.

سارشانىڭ كارشىنا ئىسىملىك بىر دۈشمىنى بار ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن قارا كۆڭۈل، قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان، رەھىمسىز، ياۋۇز سېھىرگەر ئىكەن.

سارشا نۇرغۇن ئىشلارغا، بولۇپمۇ قەدىمىي ئەتىۋار بۇيۇملارنى يىغىشقا قىزىقىدىكەن.

كارشىنا كۆپ يىللاردىن بۇيان پادىشاھ سارشاغا زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ پېيىدە يۈرگەن بولسىمۇ، زادىلا مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ، ئەمما رەزىل نىيىتىدىن زادىلا يانماپتۇ. بىر كۈنى، ئۇ ئاسارىئەتىقە سودىگىرى قىياپىتىدە ياسىنىپ كېلىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

پادىشاھ سارشا بىر ئاسارىئەتىقە سودىگىرىنىڭ ئوردىغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇش بوپتۇ ۋە ئۇنى دەرھال باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ.

كارشىنا توققۇز تەزىم قىلغىنىچە پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ ۋە:

— ئى پادىشاھى ئالەم، سىلىنىڭ قەدىمىي، قىممەت باھالىق بۇيۇملارغا بولغان ھەۋەسلىرى پۈتۈن ئەلگە مەلۇملۇقتۇر. قۇللىرىنىڭ قولىغا

ئەنە شۇنداق نەرسىلەر چۈشۈپ قېلىۋىدى، بۇلارنى پادىشاھىمىزغا تەقدىم قىلىشىم كېرەك. دېگەن نىيەتكە كەلدىم، قوبۇل قىلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن، — دەپتۇ.

كارشىنا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بىر كونا ساندۇقچىنى ئېچىپتۇ. ساندۇقچىغا ئىنتايىن قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەر قاچىلانغانىكەن.

سارشا قاتتىق خۇرسەن بولۇپ كېتىپتۇ، بۇ نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىپ قايتا - قايتا كۆرۈپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ، ئاندىن ھەممىسىنى قىممەت باھادا سېتىۋاپتۇ.

سارشا ساندۇقچىغا زەن سېلىپ قاراۋېتىپ، يان تەرىپىدە بىر كىچىك تارتمىسى بارلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— بۇ تارتمىغا نېمە قاچىلانغان؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كارشىنادىن.

— مۆھتىرەم شاھ ئالىيلىرى، بۇنى ئۇقمىدىم، مەن بۇ تارتمىنى زادىلا ئېچىپ باقمىغان.

كارشىنا سۆزلەۋېتىپ تارتمىنى ئېچىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئورام قەغەز ۋە قارا رەڭلىك تاماكا ئۇۋۇقى سېلىنغان بىر ئالتۇن قۇتا بار ئىكەن. قەغەزگە قەدىمي يېزىقتا خەت يېزىلغانىكەن.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ كارشىنا مۇغەمبەر كۈلكىسىنى ئويىنىتىپ، — مەن بۇ ئىككى نەرسىنى سىلىگە سوۋغا قىلماقچىمەن، خۇدادىن تىلەيمەنكى، بۇ نەرسىلەر سىلىگە ئامەت ئېلىپ كەلگەي!

سارشا ھېلىقى قەغەزدىكى خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا قايتا - قاراپتۇ، ئەمما زادىلا بىلەلمەپتۇ.

پادىشاھ سارشا ئوردىدىكى ئۆلىمالارنى خەتنىڭ مەنىسىنى يېشىشكە بۇيرۇپتۇ، ئەمما ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. بىر ئالىم بۇ خەت بىلەن نەچچە كۈن ھەپىلەشكەندىن كېيىن، شۇنداق دەپتۇ:

— ئالىيلىرى، خەتنىڭ مەنىسىنى تاپتىم. خەتتە دېيىلىشىچە، بۇ قۇتىدىكى تاماكا ئۇۋۇقىنىڭ سېھرىي كۈچى بار ئىكەن. مۇبادا بىرەركىم بىر ھايۋانغا ئايلىنىشنى ۋە ئۇنىڭ تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشنى خالىسا، تاماكا ئۇۋۇقىنى پۇراپ، ئۈچ قېتىم «مارتابو» دېسىلا شۇ ھايۋانغا ئۆزگىرىپ قالىدىكەن، ھەتتا ئۇنىڭ تىلىنىمۇ بىلىدىغان بولالايدىكەن. ئۇ شەرققە قاراپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ، بۇ ئەپسۇننى ئۈچ قېتىم تەكرارلىسا، ئەسلىي ھالىتىگە قايتالايدىكەن. لېكىن، بىر شەرت بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ، ئۇ ھايۋانغا ئايلانغاندىن كېيىن، ھەرقانچە كۈلكىلىك ئىشنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ كۈلسە بولمايدىكەن، بولمىسا، ئادەم سىياقىغا قايتىپ كېلىشتە ئېيتىلىدىغان ئەپسۇننى يادىغا كەلتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن.





— بەك بەلەن بولدى، بىز هايۋانغا ئۆزگىرەلەيدىغان بولدۇق! ئەتىلا سىناپ كۆرەيلى! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ سارشا هاياجانلىنىپ.

ئەتىسى سەهەردە پادىشاه باش ۋەزىرىنى باشلاپ ئوردىدىن چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، شەهەردىن خېلى يىراقلىشىپ كېتىپتۇ. بىر كۆلگە يېقىنلاشقاندا، سارشا يانچۇقىدىن هېلىقى تاماكا قۇتىسىنى چىقىرىپتۇ، ئاندىن باش ۋەزىرىدىن سوراپتۇ:

— ئېيتىڭا، بىز قايسى هايۋانغا ئايلىنىپ باقساق بولار؟


باش ۋەزىر پادىشاهقا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ، كېيىن يېنىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن چىرايلىق ئاق لەگلەكنى كۆرۈپ:

— بىز ئاق لەيلەككە ئايلىنىپ باقايلى! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ.

باش ۋەزىرنىڭ بۇ گېپى پادىشاه سارشاغىمۇ يېقىپتۇ.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى! — دەپتۇ ئۇ كۈلۈپ.

سارشا بىلەن باش ۋەزىر تاماكىنى پۇراپتۇ، ئاندىن بىرلىكتە «مارتابو» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپتۇ. ئىشىنەمسىز ـ ئىشەنمەمسىز، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە! پادىشاه سارشا بىلەن باش ۋەزىر چىرايلىق ئىككى ئاق لەيلەككە ئايلىنىپ قاپتۇ.






ئۇلار بىر ـ بىرىگە زوق بىلەن قارىشىپتۇ، ئاندىن قانات قېقىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ.


ئۇلار ياپيېشىل بوستانلارنى، ئەگرى ـ بۈگرى قىنىدا شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريانى، ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى... كۆرۈپتۇ.

— كۆكتىن يەر يۈزىگە قارىسا ھەقىقەتەن ئالامەت پەيزى بولىدىكەن ـ ھە؟ پاھ، بىز نېمىدېگەن بەختلىك! ھېچقانداق ئىنسان ئېرىشەلمەيدىغان پۇرسەتكە بىز ئېرىشتۇق... ئەمدى بىز باشقا ئاق لەيلەكلەرنى ئىزدەپ تاپايلى، — دەپتۇ پادىشاھ سارشا.

ئۇلار بىر دەريا قولتۇقىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ بىر ئاق لەيلەكنىڭ ئاللىقانداق غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ سەكرەپ ـ تاقلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇلارغا ئاق لەيلەكنىڭ ھەرىكەتلىرى تولىمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېلىقى ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ.





چۈشتىن كېيىن، قانغۇچە تاماشا قىلىپ چارچىغان ئىككى ئاق لەيلەك پادىشاھ ئوردىسىغا قايتماقچى بوپتۇ.

ئۇلار بىردىنلا پادىشاھنىڭ ئالتۇن مەپىسىگە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كارشىنانىڭ ئوغلىنى كۆرۈپ قاپتۇ. مەپىنى سارشانىڭ ھارۋىكىشى ھەيدەپ كېتىۋاتقۇدەك، يېنىدا پادىشاھنىڭ خاس نەۋكىرىمۇ ئولتۇرغۇدەك.

سارشا كارشىنانىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، كارشىنانىڭ ئوغلى پادىشاھنىڭ تەختىنى تارتىۋالغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

— ئەھۋال چاتاق! دەرھال ئۆز سىياقىمىزغا قايتايلى! — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپلىنىپ، — كارشىنانىڭ سۇيىقەست ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى بۇ دۇنياغا كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدۇرىمەن!

ئىككى ئاق لەيلەك يەرگە قونۇپ، ئادەم سىياقىغا قايتماقچى بوپتۇ، ئەمما ئۇلار ئادەم سىياقىغا كىرگۈزىدىغان ئەپسۇننى زادىلا يادىغا ئالالماپتۇ.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارغا مۇقەددەس شەھەرگە ئۇچۇپ بېرىپ، پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسى ئالدىدا دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتىن باشقا ئامال قالماپتۇ. ئېھتىمال پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئەپسۇننى ئېسىگە ئېلىشىغا ياردەم بېرىپ قالار.

لېكىن، مۇقەددەس شەھەر بەك يىراق ئىكەن. ئۇلار ئۇچۇپ - ئۇچۇپ ھالىدىن كېتىپتۇ، قورساقلىرى ئېچىپتۇ، ئاخىرى بىر قەدىمىي ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسى ئالدىغا كېلىپ قونۇپتۇ.

ئۇلار ئۇياق - بۇياققا تەلمۈرۈپ يېمەكلىك ۋە سۇ ئىزدەپتۇ. تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بىر چىرقىراق ئاۋاز ئۇلارنى قاتتىق قورقۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇلار بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭدا پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ سارغۇچ، دۈپدۈگىلەك كۆزنى كۆرۈپ قاپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇ ئاجايىپ چوڭ بىر مۈشۈكياپىلاق ئىكەن.

— خۇداغا تەشەككۈر، — دەپتۇ مۈشۈكياپىلاق، — مېنىڭ مۈشۈ كۈننى كۈتۈۋاتقىنىمغا ئۇزاق بولغانىدى، ماڭا ئوقۇلغان ئەپسۇن ئەمدى كۈچىدىن قالىدىغان بولدى...

سارشا بىلەن ۋەزىر مۈشۈكياپىلاقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— سەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ناكىيە، ھىندىستان پادىشاھىنىڭ قىزى. كۆپ يىللار بۇرۇن، سېھىرگەر كارشنا دادامنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مېنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش خىيالىدا بولغان. دادام ئۇنىڭ سۇيىقەستىنى بىلىپ قېلىپ، تەلىپىگە ماقۇل بولمىغان. بىر كۈنى، ئۇ بىر قول سىياقىدا ياسىنىپ كېلىپ، باغچىدا ماڭا بىر چىنە ئۇسسۇلۇقنى سۇندى. مەن ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن مۈشۈكياپىلاققا ئايلىنىپ قالدىم. لېكىن، بىرەر كىشى مېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولسا، مەن ئادەم سىياقىغا قايتىپ كېلەلەيمەن.


— قارىغاندا، سىزمۇ كارشنانىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەنسىز - دە! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ پادىشاھ، — بىزمۇ شۇ لەنتىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ مۈشۈ كۈنگە قالدۇق.

سارشا ئۆز كەچۈرمىشىنى مۈشۈكياپىلاققا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— تەخت يامان نىيەتلىك ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، بۇنداق كېتىۋەرسە، دۆلەت خاراب بولىدۇ. بىز تېزرەك ئەسلىمىزگە قايتىپ، كارشنا ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ سۇيىقەستىنى بىت - چىت قىلىشىمىز كېرەك. ئەمما، بىز ئادەم سىياقىغا قايتۇرىدىغان ئەپسۇننى ئۇنتۇپ قالدۇق. ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ باش ۋەزىر.



— كارشنا بۇ خارابىلىقتىكى زالدا باشقا سېھىرگەرلەر بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار جەم بولغان چاغدا، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەسكى ئىشلىرى توغرىسىدا پو ئېتىشىدۇ. ئەگەر كارشنا سىلەرگە قىلغانلىرى توغرىسىدا گەپ قىلىپ قالسا، چوقۇم ھېلىقى ئەپسۇننى تىلغا ئالىدۇ! — دەپتۇ مۈشۈكياپىلاق.



— بەك ياخشى بولدى! بىز هازىرلا زالغا بارايلى، — دەپتۇ سارشا بىلەن ۋەزىر تەڭلا. لېكىن، مۇشۇكياپىلاق جايىدىن قوزغالماپتۇ.

— سىزگە نېمە بولدى؟ بىز بىلەن بارمامسىز؟ قورقۇۋاتامسىز يا؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ سارشا.

— مەن سىلەر بىلەن بىللە بارسام بولىدۇ، ئەمما بىر شەرتىمگە كۆنۈشۈڭلار كېرەك، — دەپتۇ مۇشۇكياپىلاق.

— ئېيتىڭ، هەرقانداق شەرتىڭىزنى ئورۇنداشقا تەييارمىز! — دەپتۇ سارشا.

— ئۇ يەرگە بېرىشتىن بۇرۇن، ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار مەن بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولۇشۇڭلار كېرەك. بولمىسا مەن مەڭگۈ مۇشۇكياپىلاق پېتى قېلىۋېرىمەن!

— چاتاق يوق! مانا مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن، بىراق بۇ ئىش ھېلىقى ئەپسۇننى ئاڭلىغان ۋە ئەپسۇن كۈچىدىن قالغاندىن كېيىن بولىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ سارشا مەردانىلىق بىلەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ ئاستىدىكى بىر تار لەخمە بىلەن مېڭىپ بىر چوڭ زالنىڭ سىرتىغا كەپتۇ.

— مۇشۇ يەر شۇ. بىز بۇ تۆشۈكتىن ئۇلارنىڭ هەربىر هەرىكىتىنى كۆرەلەيمىز.



كەچتە سېھىرگەرلەر
خارابىلىقتا جەم بوپتۇ.
زالدىكى يوغان جوزى-
نىڭ ئۈستىگە نازۇنېمەت،
هاراق - شارابلار تىزىلىپ-
تىلىپتۇ. سېھىرگەرلەر بو-
لۇشىغا يەپ - ئىچىشكە باشلاپتۇ.
بىر چاغدا ئۇلار تازا كەيىپ بو-
لۇپ، گەپ - سۆزلىرى ئاۋۇشقا باش-
لاپتۇ. بىردىنلا كارشىنا قولىدىكى
رومكىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئورنى-
دىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:
— ئېيتىڭلارچۇ، هازىر بۇ ئەل-
نىڭ پادىشاهى كىم؟
— سېنىڭ ئوغلۇڭ!
— ياخشى، بۇنىڭغۇ بىلىدىكەنسى-
لەر، ئەمدى سىلەر قىياس قىلىپ بې-
قىڭلار، مەن ئوغلۇمغا پادىشاهنىڭ
تەختىنى قانداق هىيلە بىلەن ئېلىپ
بەردىم؟
سېھىرگەرلەرنىڭ بىرى ئۇنداق
دەپتۇ، بىرى مۇنداق دەپتۇ، هېچقاي-
سىسى كارشىنانىڭ كۆڭلىگە ياققۇ-
دەك جاۋاب بېرەلمەپتۇ.
— مەن ئۆزۈمنى سىلەرنىڭ پې-
رىڭلار بولۇشقا مۇناسىپ دېسەم، شۇ
چاغقىچە قايىل بولماي كەلدىڭلار. ئەمدىچۇ، ئەمدى هېچقايسىڭلار شۇ
ئاددىي سوئالىمغىمۇ توغرا جاۋاب بېرەلمىدىڭلار. بولدى، بۇنى ئۆزۈم
سۆزلەپ بېرەي! — دەپتۇ كارشىنا مەغرۇر هالدا، كېيىن راست - يالغاننى
ئارىلاشتۇرۇپ تازا پو ئېتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ گېپىنىڭ ئارىسىدا «مارتابو»
دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىپتۇ. بۇ چاغدا، ئىككى ئاق لەيلەك قاتتىق
خۇش بولۇپ كېتىپتۇ:
— مارتابو! مارتابو! دەل مۇشۇ سۆزنىڭ ئۆزى شۇ!
شۇ هامان مۇشۇ كىياپىلاق ساھىبجامال قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ. چۈنكى،
پادىشاھ ئۇنىڭغا ئەپسۇننى ئاڭلىغاندىن كېيىن توي قىلىدىغانلىقى توغرىسى-
دا ۋەدە بەرگەنىكەن.

ئىككى ئاق لەيلەك نىرتقا چىقىپ، شەرققە قاراپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىپتۇ، ئاندىن كېيىن «مارتابو» دېگەن سۆزنى ئېيتىپتۇ.

بىردىنلا ئىككى ئاق لەيلەكنىڭ بىرى پادىشاھقا، يەنە بىرى ئاپئاق ساقاللىق باش ۋەزىرگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

— ۋاي، بەك ياخشى بولدى! بىز ئاخىر ئەسلىي قىياپىتىمىزگە قايتتۇق! پادىشاھ، باش ۋەزىر ۋە ساھىبجامال مەلىكە خۇشال - خۇرام تۆۋلىنىشىپ كېتىپتۇ، بىر - بىرى بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپتۇ.

ھاياجان بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇلار كېيىنكى ئىشلارنى قانداق قىلىشنىڭ غېمىغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ سارشا ئۆزىنىڭ تەختىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ غەمگە پېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن مەلىكە ناكىيە ئۇنىڭ لەۋزىدە تۇرماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قاپتۇ.

— سىز دېگەن گېپىڭىزدە يەنە تۇرامسىز؟ ئەگەر مېنى ئالغۇڭىز كەلمەسە، يەنە مۈشۈكياپىلاققا ئايلىنىپ قالىمەن، — مەلىكە ناكىيە ئەنسىرىگەن ھالدا سارشادىن سوراپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن جەزمەن لەۋزىمدە تۇرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ ۋەدە بېرىپ، — سىزنى نىكاھىمغا ئېلىش، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قارا نىيەت كارشىنانىڭ ئوغلىدىن پادىشاھلىق تەختىمنى قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەك. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا سىزنى ئالالايمەن. بۇ يەردىن قانداق قىلىپ تېز كېتىش ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش. بىز يەنە ئادەمگە ئايلىنىپ بولدۇق، ئۇچۇپ قايتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

— بۇ ئىش قىيىن ئەمەس، بىز بىر ئامال قىلىپ سېھىرگەرلەرنىڭ تۆگىلىرىگە مىنىپ قايتساق بولىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە ناكىيە.

— لېكىن، ئۇلار تۆگىلىرىنى نەگە يوشۇرۇپ قويغاندۇ؟ چاققان ئىزدەيلى! — دەپتۇ ۋەزىر.

ئۇلار ئانچە ئاۋارە بولمايلا تۆگىلەرنى ناھايىتى تېپىۋاپتۇ، يەنە تېخى تۆگىلەرنى يېتىلەپ چىققاندا سېھىرگەرلەرگە ئازراقمۇ شەپە بېرىپ قويماپتۇ. چۈنكى، قاتتىق كەيپ بولۇپ كەتكەن سېھىرگەرلەر بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي ھە دەپ پو ئېتىشىۋاتقانىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كارشىنانىڭ ئاۋازى ھەممىسىنىڭكىدىن بەكرەك ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.






ئۇچەيلەن كېچىلەپ توختىماي مېڭىپتۇ.

تاڭ سۈزۈلگەندە ئۇلار ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر خۇشال بولغىنىدىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ:


— پادىشاھ قايتىپ كەپتۇ! پادىشاھ قايتىپ كەپتۇ! كارشىنا بىزگە يالغان ئېيتىپتۇ!

پۈتۈن شەھەر تەۋرەپ كەتكەندەك بوپتۇ، كىشىلەر كوچىمۇكوچا يۈگۈرۈشۈپ بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قېرى - ياش، ئۇلۇغ - ئۇششاق، ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئوردا تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشۈپتۇ.





سارشالار مىنگەن تۆگىلەر كوچىدىن ئۆتكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا
ئولاشقان ۋە تەنتەنە قىلغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ.
يۇقرالار پادىشاھ يۇرتنى ئادىل سورىغان كۈنلەرنى قاتتىق سېغىنغان،
كارشىنانىڭ ئوغلىغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىكەن. چۇڭ-
كى، ئۇ تەختكە ئولتۇرغان چاغدىن باشلاپلا خەلققە قاتتىق زۇلۇم سالغان،
قالايمىقان باج - سېلىق سېلىپ ئۇلارنى ئارامخۇدا ياشىغىلى قويمىغانىكەن.
پادىشاھنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن سېھىرگەر كارشىنانىڭ رەزىل ھىيلە-
سى بەربات بوپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلىنىپتۇ.
باش ۋەزىر «ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق قىلىش كېرەك»
دېگەن سۆزگە قاتتىق ئەقىدە قىلىدىكەن. شۇ-
ڭا، كارشىنانىڭ ئوغلى بىر ئاق لەيلەككە ئايلان-
دۇرۇلۇپ قەپەسكە سولىنىپتۇ، كارشىنامۇ تۇ-
تۇپ كېلىنىپتۇ. يۇقرالار سېھىرگەر ۋە ئۇنىڭ
ئوغلىغا ئۆلۈمجازاسى بېرىشنى بىردەك تەلەپ
قىلىشىپتۇ.
يۇقرالارنىڭ تەلىپى ئورۇندىلىپ، كارشىنا
بىلەن ئوغلىنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلى-
نىپتۇ.
ئەمدى پادىشاھ ئوردىسى چەكسىز خۇشال-
لىققا چۆمۈلۈپتۇ، چۈنكى ئەقىللىق، ۋاپادار،
ئاق كۆڭۈل ناكىيە سارشانىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرا-
ھى بولۇپ قاپتۇ.



# قار مەلىكە

گېرمانىيە چۆچىكى (ئەسلىي ئەسەر: گرىممىلار)



بۇرۇنىسىدا، كاتتا بىر قەلئەدە بىر پادىشاھ ئۆت-
كەنىكەن. بىر كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئايالى بىر قىز
تۇغۇپتۇ. كىچىك مەلىكە تولىمۇ چىرايلىق، يۇمران
تېرىسى قاردەك ئاپئاق بولغاچقا، ھەممەيلەن ئۇنى
«قار مەلىكە» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

قار مەلىكە تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئانىسى تۇ-
گەپ كېتىپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن، پادىشاھ قايتا
ئۆيلىنىپتۇ. قار مەلىكىنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئىنتايىن
ھەسەتخور ئايال ئىكەن.

قار مەلىكىنىڭ ئۆگەي ئانىسىمۇ ناھايىتى چى-
رايلىق، ئەمما بەكلا ھاكاۋۇر ئايال ئىكەن. ئۇ چى-
رايلىق قىز ـ ئايالLarنى يامان كۆرىدىكەن، ئۆزىدىن
باشقا ھەرقانداق ئايالنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى خا-
لىمايدىكەن. كىشىلەر بىرەرسىنىڭ چىرايىنى
ئۇنىڭ گۈزەللىكى بىلەن سېلىشتۇرغۇدەك
بولسا، جېنى چىقىپلا قالىدىكەن.

خانىشنىڭ سېھىرلىك بىر بوي ئەينىكى
بار ئىكەن. سېھىرلىك ئەينەك سۆز قىلا-
لايدىكەن. ھەر ئەتىگەندە خانىشنىڭ
ئورنىدىن تۇرۇپلا قىلىدىغان تۇنجى
ئىشى بۇ ئەينەككە قاراش ۋە ئۇ-
نىڭدىن: «ئەي سېھىرلىك ئەينە-
كىم، بۇ دۇنيادا ئەڭ گۈزەل ئايال
كىم؟» دەپ سوراش ئىكەن.

سېھىرلىك ئەينەكمۇ ھەر قې-
تىم بۇ سوئال سورالغاندا: «سىز
ھەممىدىن چىرايلىق، گۈزەللىك-
تە تەڭدىشىڭىز يوق، ھۆرمەت-
لىك خانىشىم» دەپ جاۋاب بېرى-
دىكەن.





ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، قار مەلىكە ئاستا ـ ئاستا چوڭ بوپتۇ، چوڭ بولغانسېرى تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ، خۇددى بىر كىچىك پەرىگىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

بىر ئەتىگىنى خانىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادىتى بويىچە سېھىرلىك ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە مەغرۇرلۇق بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي سېھىرلىك ئەينىكىم، بۇ دۇنيادا ئەڭ گۈزەل ئايال كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

كۈتۈلمىگەندە، ئەينەك:

— قار مەلىكە ئەڭ گۈزەل! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان خانىشنىڭ بېشى پىرىدە قېيىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ. گۈزەللىكتە ئۆزى بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان بىرەيلەننىڭ پەيدا بولغىنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۈشۈكتەك تاتىلاپ ئېچىشتۇرۇۋېتىپتۇ، ئوغىسىنى قاينىتىپ ئۇنى سەكرىتىۋېتىپتۇ.

«بۇنداق بولۇشقا ھەرگىز يول قويمايمەن!» دەپتۇ خانىش ئاچچىقىدا يەرنى تېپىپ تۇرۇپ. ئۇ بىر ئامال قىلىپ قار مەلىكىنى كۆزدىن يوقاتماقچى بوپتۇ.

خانىش ئۆزى ئىشىنىدىغان بىر مالاينى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل بېرىپتۇ، ئاندىن قار مەلىكىنى قەلئەدىن خېلى يىراقتىكى ئورمانلىققا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئاچ كۆز مالاي خانىشنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنداشقا ماقۇل بوپتۇ. ئەمما، ئۇ قار مەلىكىنى ئېلىپ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، قول سالىدىغان چاغدا ئىككىلىنىپ قاپتۇ. «ھەرقانداق ئىشنىڭ ھامان سىرىقى



بولىدۇ، — دەپ ئويلاپتۇ مالاي، — قار مەلىكە پادىشاھنىڭ قىزى، ئۇنىڭغا قول سېلىپ قويۇپ، ئەتە - ئۆگۈن جاۋابىنى بېرەلمەيدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن!»

شۇنىڭ بىلەن مالاي قار مەلىكىنى ئورمانلىقتا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.


قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، ئورمانلىقتا يالغۇز قالغان قار مەلىكە يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئەمما، بۇ يەردە ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلايدىغان كىم بار دەيسىلەر؟ قار مەلىكە يىغلاپ - يىغلاپ ھېرىپتۇ، ئاخىرى بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىگەندە قار مەلىكە ئويغىنىپتۇ. ئورمانلىقتا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، قۇشلار سايراۋاتقان، كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرگەن، يوپۇرماقلار شىلدىرلاۋاتقانىكەن… بۇ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرگەن قار مەلىكىنىڭ كۆڭلى خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ، تۈنۈگۈن كەچ قورققىنىدىن يىغلىغانلىقىنى ئەسلەپ، ئۆزىدىن كۈلۈپتۇ.

تۇم ھەم ئېگىز دەل - دەرەخلەر ئۇنى خۇددى سېپىلدەك ئوراپ تۇرىدىكەن. قار مەلىكە كۆڭلى تارتقان ياققا مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئۇ كەڭرى بىر بوشلۇققا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، ئۇ يەردە كۆرۈنۈشى تولىمۇ غەلىتە كىچىككىنە ياغاچ ئۆي تۇرغۇدەك. بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىمۇ، دېرىزىسىمۇ، تۇرخۇنىمۇ كىچىك ئىكەن.

قار مەلىكە بۇ غەلىتە ئۆيگە قاراپ بەك ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇ ئىختىيارسىز ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ئادەتتىكىدىن كىچىك ئىكەن.

«بۇ ئۆيدە كىم تۇرىدىغاندۇ؟»




قار مەلىكە ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېگىنىچە، ئاشخانا ئۆيگە قاراپ بېقىپتۇ.

«ۋىيەي، نېمانچە كىچىك تەخسىلەر بۇ؟! يەنە قوشۇقمۇ بار ئىكەن تېخى! قارىغاندا، ئۇلار يەتتە ئادەم ئىكەن.»

ئۆينىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىر ياتاق ئۆي بار ئىكەن. ئۆيگە يەتتە كارىۋات قويۇقلۇق ئىكەن. قار مەلىكە ئاشخانا ئۆيگە يېنىپ چىقىپتۇ. تۇرۇپلا ئۇنىڭ بۇ كىشىلەرگە تاماق ئېتىپ بەرگۈسى كەپتۇ.

گۇگۇم چۈشكەندە، يەتتە پارپا قايتىپ كەپتۇ. قارىسا، ئىشىك ئالدى پاكىز سۈپۈرۈپ قويۇلغان. ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ. پارپىلار دېرىزىدىن ماراپ قاراپ باقسا، ئۆيدە ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ.





شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشىكنى ئاستاغىنا ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ، ئاشخانا ئۆيگە كىرگەندە قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، جوزىغا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر كورا شورپا تۇرغۇدەك. شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆينىڭ ئىچى بىر ئاپتۇدەك.

— ۋۇي، بۇ نېمە ئىش؟

پارپىلار ھەيران بولۇشۇپتۇ.

— چوقۇم بىرى كەپتۇ، ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ قاراپ باقمايلىمۇ؟ ئۇ شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ بىرەيلەن.

— شۇنداق قىلايلى!

ئۇلار ياتاق ئۆيگە چىقسا، بىر گۈزەل قىز كارىۋاتتا سۇت ئۇيقۇسىدا ياتقان بوۋاق بالىدەك تاتلىق ئۇخلاپ ياتقۇدەك. پارپىلارنىڭ باشلىقى بارمىقى بىلەن ئاستا تۇرتۇپ ئۇنى ئويغىتىپتۇ.

— سىز كىم؟ — دەپ سوراپتۇ پارپىلارنىڭ باشلىقى.

قار مەلىكە ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى پارپىلارغا سۆزلەپ بەرگەنىكەن، ئۇلار قار مەلىكىگە قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پارپىلار، — بىزنىڭكىدە تۇرۇپ قېلىڭ، بىز بىللە ياشايلى!

— رەھمەت سىلەرگە! شۇنداق قىلاي! بۇ بەك ياخشى بولدى! راستىنلا ياخشى بولدى، — دەپتۇ قار مەلىكە.



پارپىلار خۇشاللىقىدا ئۇنى چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە پارپىلار ئىشقا كېتىپتۇ. مېڭىش ئالدىدا ئۇلار قار مەلىكىگە:

— ناتونۇش كىشى كەلگۈدەك بولسا، ھەرگىز ئىشىكنى ئاچماڭ! — دەپ جىكىلەپتۇ.

قار مەلىكە پارپىلار بىلەن ياشاپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى خانىشتىن ئاڭلايلى.

خانىشنىڭ مالىيى قار مەلىكىنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، بىر بۇغىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاش يۈرەك خانىشقا كۆرسەتكەن ۋە بۇ قار مەلىكىنىڭ يۈرىكى، دېگەنىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خانىش بەك خۇش بوپتۇ ۋە مالايغا كاتتا ئىنئام بېرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە خانىش ئورنىدىن تۇرۇپ، سېھىرلىك ئەينەكتىن سوراپتۇ:

— ئەي سېھىرلىك ئەينىكىم، بۇ دۇنيادا ئەڭ گۈزەل ئايال كىم؟

— قار مەلىكە ئەڭ گۈزەل! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سېھىرلىك ئەينەك، — ئۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆيدە يەتتە پارپا بىلەن ياشاۋاتىدۇ.


بۇ گەپنى ئاڭلىغان خانىش ئاچچىقىدا ھوشىدىن كېتىپ قالغىلى تاس قاپتۇ.

خانىش مالىيىسىنىڭ ئالداپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى قار مەلىكىگە قول سالماقچى بوپتۇ. ئۇ بىر ئالمىنىڭ ئىچىگە زەھەر قۇيۇپ، ئۇنى بىر سېۋەتتىكى ئالمىلارغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇ دېھقان موماي قىياپىتىدە ياسىنىپ، مېۋە سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ ئورمانلىقتىكى ھېلىقى ياغاچ ئۆيگە كەپتۇ.

بۇ چاغدا قار مەلىكە ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقانىكەن، تۇيۇقسىز بىركىمنىڭ ئىشىكنى چېكىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

— كىم؟ — دەپ سوراپتۇ قار مەلىكە.





— قىزىم، مەن ئالمىچى موماي، — دەپتۇ خانىش، — شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە ئالما ساتقىلى كەلدىم، ئالمىلىرىم بەك تەملىك، بىرەر تال ئالامسىز؟

— ئالمايمەن. مەن ھېچكىمگە ئىشىك ئېچىپ بەرمەيمەن.

قار مەلىكە دوستلىرىنىڭ جىكىلەشلىرىگە خىلاپلىق قىلىشنى خالىماپتۇ. لېكىن، موماي قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان خانىش بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماپتۇ، ئۇ سېۋەتتىن بىر ئالمىنى ئېلىپ:

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، قىزىم! كىچىك بالا ئۆيدە يالغۇز چاغلىرىدا ناتونۇش كىشىلەرگە ئىشىك ئېچىپ بەرسە بولمايدۇ. سىز راستىنلا بىر ياخشى بالا ئىكەنسىز! مەن سىزگە بىر ئالما بېرەي، بۇ مېنىڭ ياخشى بالىغا بەرگەن سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن.

قىپقىزىل ئالمىنىڭ شېرىن پۇرىقى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدىكەن. قار مەلىكە مومايىنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىگە ئالدىنىپ قاپتۇ - دە، ئىشىكنى ئېچىپ ئالمىنى قولىغا ئاپتۇ. ئۇ ئالمىنى كاراسلىتىپ بىرنى چىشلەپتۇ-يۇ، شۇ ھامان يىقىلىپ جايىدىلا يېتىپ قاپتۇ.

لېكىن، زەھەرخەندە خانىشنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياخشى بولماپتۇ. ئۇ قار مەلىكىنى ئۆلدى دەپ خۇشاللىقىدا پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بىراق، قايتىپ كېتىۋاتقاندا ئۇ تېيىلىپ سازلىققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. سازلىق بۇ ھاكاۋۇر، ھەسەتخور ئايالنى يۇتۇپ كېتىپتۇ.



پارپىلار ئالتۇن كاندا ئىشلەۋاتقانىكەن. بىر چاغدا سىرتتا «گۇلدۇر - قاراس» ئاۋازلار چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقسا، بورانلىق يامغۇر يېغىش ئالدىدا تۇرغۇدەك.


— بۇنداق چاغدا يامغۇر ياغمايتتى، بۇ بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتى، — دەپتۇ پارپىلارنىڭ باشلىقى.

— قار مەلىكىگە بىرەر كېلىشمەسلىك كەلگەن بولىمىسۇن يەنە! — دەپتۇ يەنە بىر پارپا.

— چاققان! چاققان بولۇڭلار! بىز ئۆيگە قايتايلى! كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ، قار مەلىكىگە بىر پالاكەتچىلىك بولغاندەكلا قىلىدۇ!

يەتتە پارپا گۈرجەكلىرىنى تاشلاپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.





پارپىلار ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كەلگۈدەك بولسا، ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ئىشىك ئالدىدا قار مەلىكە يىقىلىپ ياتقان! ئۇلار داڭقىتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

پارپىلار ئىسىگە كېلىپ، قار مەلىكىگە قاراپ ئېتىلىپتۇ، يۈزىنى سىلاپتۇ، ئۇنى چاقىرىپتۇ، بىراق قار مەلىكىدىن سادا چىقماپتۇ. قار مەلىكىنىڭ نەپىسى ئاللىقاچان توختاپ كەتكەنىكەن، يېنىدا ھېلىقى زەھەرلىك ئالما تۇرغۇدەك. پارپىلارنىڭ باشلىقى.

— بىر ئامال قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالايلى!

پارپىلار بىلىدىغانلىكى چارە - ئاماللىرىنى ئىشلىتىپ، قار مەلىكىنى ھوشىغا كەلتۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن، ھېچقايسىسىنىڭ ئۈنۈمى بولماپتۇ، قار مەلىكە ھوشىغا كەلمەپتۇ.

پارپىلار قار مەلىكە ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق يىغلىشىپتۇ.

كېيىن پارپىلار قار مەلىكىنى قىزىل گۈل بەرگلىرى يېيىتىلغان بىر كارىۋاتقا ياتقۇزۇپتۇ، ئاندىن ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىرىپ، خرۇستالدىن ياسالغان بىر جەسەت ساندۇقىغا سېلىپتۇ.

قار مەلىكە جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىدە خۇددى خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقاندەكلا كۆرۈنىدىكەن.

بىر ئاخشىمى پارىپىلارنىڭ ئۆيىگە ناتونۇش بىر يىگىت كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بىر شاھزادە ئىكەن. پارىپىلار ئۇنىڭغا قار مەلىكىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— تولىمۇ قىزىق ھېكايە ئىكەن! — دەپتۇ شاھزادە، — مېنى قار مەلىكە ياتقان جايغا باشلاپ بارساڭلار، قانداق؟

پارىپىلار ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار شاھزادىنى قار مەلىكىنىڭ جەسەت ساندۇقى قويۇلغان جايغا باشلاپ بېرىپتۇ. خرۇستال جەسەت ساندۇقى ئىچىدە قار مەلىكە يەنە شۇ پېتى ياتقان بولۇپ، يەنىلا شۇ قەدەر گۈزەل ئىكەن. ئۇنىڭ جەستى ئازراقمۇ چىرىمىگەنىكەن. شاھزادىگە قار مەلىكە تىرىكتەكلا بىلىنىپ كېتىپتۇ - دە، ئىختىيارسىز ئۇنى سۆيۈپتۇ. پاھ، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ! قار مەلىكە كۆزىنى «لاپپىدە» ئېچىپتۇ!

ھەممەيلەن قار مەلىكىنىڭ زەڭگەر كۆزلىرىگە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ. شاھزادە قار مەلىكىنى جەسەت ساندۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە قويۇپتۇ ۋە:

— گۈزەل مەلىكەم، مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسىز؟ — دەپتۇ.


قار مەلىكە ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

پارىپىلار قار مەلىكىنىڭ تىرىلگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق خۇشال بولۇشۇپتۇ.


داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى شاھزادىنىڭ قەسرىدە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تويغا كەلگەن ھەربىر مېھمان شاھزادە بىلەن قار مەلىكىنى تۇغما بىر جۈپلەر ئىكەن، دەپ ماختىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ، قار مەلىكە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئۇ يەنە دائىم ئورمانلىققا بېرىپ يەتتە پارىپىنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ.





# نوقۇت مەلىكە



دانىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

بۇرۇنسىدا، بىر شاھزادە ئاتا - ئانىسى تونۇشتۇرغان لايىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياقتۇرماي، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئايلىنىپ، ھەقىقىي بىر مەلىكىنى تېپىپ ئۆيلەنمەكچى بوپتۇ.

شاھزادە سەپەر جەريانىدا قۇرۇقلۇقتا ئاتلىق مېڭىپتۇ، دېڭىزدا كېمىگە ئولتۇرۇپ مېڭىپتۇ، تاغ - داۋانلارنى ئېشىپتۇ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى كېزىپتۇ، نۇرغۇن مەلىكىلەرنى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ، ئەمما بىرىگىمۇ كۆڭلى چۈشمەپتۇ.


شاھزادىنىڭ داۋاملىق سەپەر قىلىشتىن رايى قايتىپتۇ. ئۇ: «خۇدايىم پېشانەمگە مېنىڭ يەككە - يېگانە ياشىشىمنى پۈتكەن ئوخشايدۇ» دەپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قەسرىگە قايتىپ كەپتۇ.

بىر كېچىسى تويۇقسىز چاقماق چېقىپ، ئارقىدىنلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا كىمدۇر بىرى قەسىر دەرۋازىسىنى ھە دەپ قېقىشقا باشلاپتۇ.

— يېرىم كېچىدە ئادەمگە ئارام بەرمەيۋاتقان كىمدۇ؟ — دەپتۇ شاھزادىنىڭ دادىسى ئاچچىقلاپ، ئاندىن بىر مالايغا بۇيرۇپتۇ، — ماڭ، دەرھال چىقىپ قاراپ باق.

مالاي چاقماقنىڭ يورۇقىدا بىر قىز بىلەن ساندۇقچە كۆتۈرۈۋالغان بىر بالىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.





— مەن بىر مەلىكە، — دەپتۇ قىز، — بۇ بالا مېنىڭ مالىيىم. مەپەم بۇزۇلۇپ قالدى، ھارۋىكەش بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇنى ياسىيالمايدۇ. شۇڭا، بىز بىر كېچە پاناھلانغۇدەك جاي ئىزدەپ كېلىۋىدۇق.

مالاي قايتىپ كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانىكەن، بىر مەلىكىنىڭ ئۆز ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان خانىش ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.

خانىش قىزنىڭ چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەن ئۈستۈبېشىغا گۇمانلىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ: «ئۇنىڭ تۇرقى نېمانچە ئاۋارە، ئۇ مەلىكىگە ئازراقمۇ ئوخشىمايدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇ چاغدا شاھزادە چىقىپ قاپتۇ. ئۇ قىزچاقنى كۆرۈپ: «شۇ تاپتا بۇ قىز شۇنچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، بىراق ۋۇجۇدىدىن بىر خىل ئېسىلزادىلىك چىقىپ تۇرىدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

خانىش قىزنى قەسىرگە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇ بۇ قىزنىڭ ھەقىقىي مەلىكە ياكى ئەمەسلىكىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خانىش ئايال خىزمەتكارنى بىر چەتكە چاقىرىپ:

— بۇ قىز ياتىدىغان كارىۋاتقا قېلىن ھەم يۇمشاق كۆرپىلەرنى سېلىپ بەر. كۆرپىنىڭ تېگىگە بىر تال پۇرچاق تىقىپ قوي، — دەپتۇ.


ئايال خىزمەتكار خانىشنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كارىۋاتقا ئون نەچچە كۆرپىنى سېلىپتۇ، ئاندىن ئەڭ تېگىدىكى كۆرپىنىڭ تېگىگە بىر دانە پۇرچاقنى تىقىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە خانىش قىزنى يوقلاپ كىرىپتۇ ۋە:

— قانداق، ياخشى ئۇخلىيالىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— غەمخورلۇقىڭىزغا رەھمەت، خانىش ئالىيلىرى، — دەپتۇ قىز، — راسلىتىپ بەرگەن كارىۋىتىڭىز تولىمۇ يۇمشاق ئىكەن، بىراق بىر تال پۇرچاق مېنى كېچىچە تۈزۈك ئۇخلاتمىدى!

قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان خانىشنىڭ چىرايىغا شۇ ھامان كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ ئايال خىزمەتكارنى چاقىرىپ، مەلىكىگە مول ناشتىلىق تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ.



ئاندىن كېيىن، خانىش شاھزادىنىڭ يېنىغا چىقىپتۇ ۋە:

— ئوغلۇم، سەن ئىزدىگەن ھەقىقىي مەلىكە ئۆز ئايىغى بىلەن قەسرىمىزگە كەپتۇ! — دەپتۇ.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز، ئاپا؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— ئۇ ئون نەچچە كۆرپىنىڭ ئەڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇلغان پۇرچاقنى بىلىۋالدى. ھەقىقىي مەلىكە دېگەننىڭ تېرىسى ئەنە شۇنداق يۇمران بولىدۇ!

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە شۇنچە چاغدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ھەقىقىي مەلىكىگە ئېرىشىپتۇ.

# ساھىبجامال بىلەن ئالۋاستى

فرانسىيە چۆچىكى (ئەسلى ئەسەر: بېللونىڭ)

قەدىمكى زاماندا ئىنتايىن باي بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن.

ئۇنىڭ قىزلىرى، بولۇپمۇ كەنجى قىزى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ئۇ تېخى كىچىك چېغىدىلا كىشىلەر «ساھىبجامال» دەپ ئاتايدىغان بولۇشقانىكەن. كېيىن ئۇنىڭغا بۇ ئىسىم سىڭىپ قاپتۇ. شۇ تۈپەيلىدىن ئاچىلىرى ئۇنىڭغا بەك ھەسەت قىلىدىكەن.

بىر كۈنى سودىگەر تىجارەت قىلغىلى باشقا شەھەرگە بارماقچى بوپتۇ. مېڭىش ئالدىدا، ئۇ قىزلىرىدىن ئۇلارغا نېمە ئالغاچ كېلىشىنى سوراپتۇ.

— دادا، ماڭا ئېسىل كىيىم - كېچەكلەردىن بىرنەچچە قۇر ئالغاچ كېلىڭ، — دەپتۇ چوڭ قىزى.

— ماڭا قىممەت باھالىق مەرۋايىتتىن بىر تىزىق ئالغاچ كېلىڭ، — دەپتۇ ئوتتۇرانچى قىزى.


كىچىك قىزى ساھىبجامال دادىسىغا ھېچقانداق تەلەپ قويماپتۇ.

— ساڭا بىرەر نەرسە ئالغاچ كەلمەمدىم؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى.


— مېنى ئويلىغىنىڭىزغا رەھمەت، — دەپتۇ ساھىبجامال، — ماڭا بىر تال قىزىل گۈل ئالغاچ كەلسىڭىز بولدى.

سودىگەر سودىسىنى پۈتتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. لېكىن، ئورمانلىقتىن مېڭىپ، ئۆيىگە نەچچە ئون چاقىرىم قالغاندا تۇيۇقسىز ھاۋا تۇتۇلۇپ، قار لەيلەپ يېغىشقا باشلاپتۇ. قاتتىق بوران ئۇنى بىرنەچچە قېتىم يىقىتىۋېتىپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. سودىگەر سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەتراپتا ھۇۋلىشىۋاتقان ۋەھشىي بۆرىلەرگە يەم بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپتۇ.

تۇيۇقسىز ئۇ ئورمانلىقتىكى بىر تار يولنىڭ ئاخىرىدا چاقناپ تۇرغان يورۇقلۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يورۇقلۇققا قاراپ مېڭىپ، بىر قەسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ.



«مېنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرغان تەڭرىمگە مىڭ - مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، — دەپتۇ سودىگەر ئۆز - ئۆزىگە، — قەسىرنىڭ ئىگىسى ماڭا بىر كېچە قونۇشقا رۇخسەت بەرسە بولاتتى.»



سودىگەر ئالدىرىغىنىچە قەسىرنىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ھويلىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن. سودىگەر قەسىرنىڭ ئىچىگە كىرسە، تام ئوچاقتا گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقۇدەك، يەنە تېخى بىر ئۈستەلگە مول نازۇنېمەتلەر تىزىپ قويۇلغانىكەن. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن سودىگەر بىر پارچە توخۇ كاۋىپىنى ئېلىپ، بىرنەچچە چىشلەپلا تۈگىتىپتۇ، يەنە ئۇنىڭ-بۇنىڭدىن يەپ قورسىقىنى تازا تويغۇزۇپتۇ. لېكىن، ئۆي ئىگىسى تېخىچە كۆرۈنمەپتۇ.

سودىگەر قىزىقىسىنىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپتۇ. بىر ئۆيگە كىرىپ قارىسا، تام ئوچاقتا ئوت كۆيۈۋاتقۇدەك، يەنە بىر كارىۋاتمۇ قويۇقلۇق ئىكەن. بۇ چاغدا يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىكەن، سودىگەر قاتتىق چارچىغانلىقتىن، كارىۋاتقا يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ.

سودىگەر ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى شىرەدە قەھۋە، مېۋە - چېۋە قاتارلىق نەرسىلەر تىزىقلىق تۇرغۇدەك.

سودىگەر ناشتا قىلىپ بولۇپ، مېھماندوست ساھىبخانىغا رەھمەت ئېيتىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بوپتۇ، بىراق تۇنۇگۈن كېچىدىكىدەكلا ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ.

سودىگەر گۈللۈككە بارغاندا، كەنجى قىزى ساھىبجامالنىڭ تەلىپىنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، بىر تال قىزىل گۈلنى ئۈزۈپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ - دە، گۈللۈكتىن قورقۇنچلۇق بىر ئالۋاستى چىقىپ كەپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئېسىل كىيىملەرنى كىيىۋالغانىكەن. ئۇ قىپقىزىل كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ سودىگەرگە ۋارقىراپتۇ:

— سەن ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان نېمكەنسەن! — دەپتۇ ئالۋاستى ھۆركىرەپ، — مەن قەسرىمدە سېنى مېھمان قىلدىم، جېنىڭنى قۇتۇلدۇردۇم، يەنە تېخى كارىۋىتىمدا ئۇخلىدىڭ. ئەمدى كېلىپ، سەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزىل گۈلۈمنى ئوغرىلاۋاتىسەن. ساڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق. ساڭا بىر چارەك ۋاقىت بېرەي، تەڭرىگە ئىبادەت قىلىۋال.

قورقۇپ كەتكەن سودىگەر يۈكۈنۈپ، ئالۋاستىغا يالۋۇرۇپتۇ:

— ماڭا كەڭچىلىك قىلىڭ! قىزىم ئۈچۈن بىر تال گۈلنى ئۈزۈپ سىزنى رەنجىتىپ قويىدىغانلىقىمنى ھەقىقەتەن ئويلىماپتىمەن.

— بوپتۇ، ساڭا كەڭچىلىك قىلاي. ئەمما، قىزلىرىڭدىن بىرى كېلىپ سېنىڭ ئورنۇڭدا ئۆلسۇن. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سەن ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالىمىسا، ئۆزۈڭ قايتىپ كېلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ ئالۋاستى.

سودىگەر بىرەر قىزىنىڭمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالىمايدىكەن. لېكىن، ئۇ قىزلىرى بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن، ئالۋاستىنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ.

سودىگەر قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بەختىسىز كەچۈرمىشىنى قىزلىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ساھىبجامال دادىسى ئۈچۈن قەسىرگە بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەمما، سودىگەر ئۇنىماپتۇ.

— مېنى توسىماڭ، دادا، — دەپتۇ ئۇ، — جەزمەن سىزگە ھەمراھ بولۇپ بارىمەن. ئالۋاستىنىڭ يەۋېتىشىگە رازىمەنكى، سىزنىڭ ئۆلۈمىڭىزدىن قايغۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمايمەن!

دادىسى ھەرنېمە دەپ باققان بولسىمۇ، ساھىبجامال ئالۋاستىنىڭ قەسىرىگە بېرىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئىككى ئاچىسى خۇش بوپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇلار سىڭلىسىنىڭ ياخشى پەزىلىتىگە ئىنتايىن ھەسەت قىلىدىكەن.

ئاخىر سودىگەر ئۇنى ئېلىپ ئالۋاستىنىڭ قەسىرىگە كەپتۇ.



ئالۋاستىنى كۆرۈپ ساھىبجامالنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپتۇ.

— سەن بۇ يەرگە ئۆز رازىلىقىڭ بىلەن كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئالۋاستى.

— شۇنداق… شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ساھىبجامال دۇدۇقلاپ.

— سەن بەك ئاق كۆڭۈل ئىكەنسەن، — دەپتۇ ئالۋاستى، — رەھمەت ساڭا، سودىگەر، ئەمدى سەن كەتسەڭ بولىدۇ.


ئالۋاستى سۆزىنى تۈگىتىپلا چىقىپ كېتىپتۇ. سودىگەر بىلەن ساھىبجامال يىغلاپ خوشلىشىپتۇ.

ساھىبجامال يالغۇز قاپتۇ. ئۇ قورقۇنچنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەمدىكى قىسقىغىنا ھاياتىنى قايغۇرماي ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. چۈنكى، ئۇ كەچ بولۇش بىلەنلا ئۆزىنى ئالۋاستىنىڭ يەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

ئۇ ئالۋاستىنىڭ ھەشەمەتلىك قەسرىنى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ بىر ئىشىكنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان «ساھىبجامالنىڭ ئۆيى» دېگەن خەتنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، ئىچى نەپىس ئۆي جاھازلىرى بىلەن ياسالغانىكەن. ئۇنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتقىنى چوڭ كىتاب ئىشكاپى بوپتۇ. «ئالۋاستى مېنىڭ زېرىكىپ قېلىشىمنى خالىمايدىكەن. ئەگەر ئۇ مېنى بۈگۈن كەچ يەۋېتىدىغان بولسا، بۇ نەرسىلەرنى تەييارلاپ يۈرمىگەن بولاتتى.» شۇلارنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى خاتىرجەم بولۇپ قاپتۇ.

دەرۋەقە، ئالۋاستى ساھىبجامالغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ. ساھىبجامال ئۆزىگە راسلاپ قويۇلغان ئۆيدىكى تام ئوچاقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىكەن، كەشتە توقۇيدىكەن. ئالۋاستى بولسا، ئۇدۇلىسىدا ئۈن-تىنسىز ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرىدىكەن، بەزىدە ئۇ-بۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىپمۇ قويىدىكەن.





ساھىبجامال، ئالۋاستى دېگەن چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك قورقۇنچلۇق ئەمەسكەن، دەپ ئويلاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ساھىبجامال:

— سەن ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل ئىكەنسەن، بۇنى ئويلىسام، سېنىڭ سەتلىكىڭ ماڭا ئانچە بىلىنمەيدىكەن، — دەپتۇ ئالۋاستىغا.

— ئاق كۆڭۈل بولغىنىم بىلەن، مەن يەنىلا ئالۋاستى.

— چىرايى تۈزۈك بولغىنى بىلەن، قەلبىگە ساختىپەزلىك، چىركىنلىك ۋە ۋاپاسىزلىق يوشۇرۇنغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، مەن سېنىڭدەك قىياپەتتىكى ئادەمنى ياقتۇرىمەن.

ئالۋاستى ساھىبجامالنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.


— ساھىبجامال، مېنىڭ ئايالىم بولۇشنى خالامسەن؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال ساھىبجامالنى قاتتىق قورقۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇ بىرھازاغىچە جىمىپ كېتىپتۇ، كېيىن غالىلداپ تىترىگەن ھالدا:

— ياق، — دەپتۇ.

ئالۋاستى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېغىر ئۇھ تارتىپتۇ ۋە ئارقىغا قاراپ - قاراپ قويغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئالۋاستى ساھىبجامالغا بىر سېھىرلىك ئەينەك سوۋغا قىپتۇ. ساھىبجامال بۇ ئەينەككە قاراپ يىراقتىكى دادىسىنى، ئاچىلىرىنى ۋە ئۆيىنى كۆرۈپ تۇرالايدىكەن.



شۇنىڭدىن كېيىن، ساھىبجامال ئەينەك ئالدىدا سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئەينەكتىن دادىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە رۇخسەت سوراپتۇ.

ئالۋاستى دەسلەپ ئۇنىماپتۇ، كېيىن:

— بوپتۇ، بارساڭ بارغىن، ئەمما يەتتە كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلىشىڭ كېرەك! — دەپتۇ.

سودىگەر كەنجى قىزى ساھىبجامالنىڭ دەردىدە ئاغرىپ قالغانىكەن، ساھىبجامالنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلى تېزلا ساقىيىپ قاپتۇ.

ئاتا - بالا كۆڭۈللۈك كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ساھىبجامال ئالۋاستىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

بىر كېچىسى ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۆزىنىڭ قەسىردىكى باغچىدا ئىكەنلىكىنى، ئالۋاستىنىڭ چىملىقتا ئۆلەر ھالەتتە ياتقانلىقىنى، ئۇنى ۋەدەڭدە تۇرمىدىڭ، دەپ ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ساھىبجامال چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە ياش تۆكۈپتۇ.

ساھىبجامال ئەتىگەندە دادىسى بىلەن يىغلاپ خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ قەسىر دەرۋازىسىدىن كىرىپلا ئۈنلۈك توۋلاپتۇ، ئەمما ھېچكىم جاۋاب قايتۇرماپتۇ. ئۇ چۈشىدە كۆرگەن مەنزىرىنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، باغدىكى چىملىقتا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. دەرۋەقە، بىچارە ئالۋاستى سېزىمىنى يوقاتقان ھالدا ئۇ يەردە ياتقۇدەك.

ساھىبجامال ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ تېخى سوقۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۆستەڭدىن سۇ ئەكىلىپ يۈزىگە چېچىپتۇ. ئالۋاستى كۆزىنى ئېچىپ:

— سەن ۋەدەڭنى ئۇنتۇدۇڭ، مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا ئازابلىنىپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم. مەن خۇشاللىق بىلەن ئۆلىمەن، چۈنكى مەن سېنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالدىم، — دەپتۇ.

— ياق، سەن ئۆلۈپ كەتمىگىن، مەن سېنىڭ ئايالىڭ بولۇشقا رازىمەن! — دەپ يىغلاپتۇ ساھىبجامال.

ساھىبجامالنىڭ سۆزى تۈگىشىگە، ئالۋاستى كېلىشكەن بىر يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ.

— بىر ياۋۇز سېھىرگەر مېنى ئالۋاستىنىڭ قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ قويغانىدى، — دەپتۇ يىگىت، — بىر گۈزەل قىز ماڭا تېگىشكە قوشۇلغۇچە شۇ قىياپەتتە ياشىشىم كېرەك ئىكەن. ساھىبجامال، سېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ، ماڭا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىڭ مېنى قۇتقۇزدى. سەن راستىنلا مېنىڭ ئايالىم بولۇشنى خالامسەن؟

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ساھىبجامال خۇشاللىق بىلەن، — بىز ئەمدى مەڭگۈ ئايرىلمايمىز...

ساھىبجامال قولىنى ئۇزىتىپ يىگىتنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلار قەسىرگە كىرسە، دادىسى ۋە ئاچىلىرى زالدا تۇرغۇدەك.

ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمى ناھايىتى تېزلا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، يىگىت قەسىرىدىكى گۈللۈكتە ساھىبجامال ياخشى كۆرىدىغان قىزىل گۈلنىلا ئۆستۈرىدىغان بوپتۇ. بۇ قەسىر تا ھازىرغىچە «قىزىل گۈل قەسىرى» دەپ ئاتىلىدىكەن.



# نەشپۈتقىز

## روسىيە چۆچىكى

بۇرۇنسىدا، بىر باغۋەن ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بېغىدا بىر تۈپ نەشپۈت دەرىخى بار ئىكەن، ھەر يىلى ئۇنىڭدىن تۆت سېۋەت نەشپۈت ئالغىلى بولىدىكەن. لېكىن، باغۋەن بۇ تۆت سېۋەت نەشپۈتتىن بىرەرسىنى قالدۇرماي پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئاپىرىپ بېرىشى كېرەك ئىكەن.



بىر يىلى نەشپۈت چېچەكلىگەن كۈنلەردە قاتتىق بوران چىقىپ، نەشپۈت چېچەكلىرىنى قېقىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى بۇ نەشپۈت دەرىخى ئاران ئۈچ يېرىم سېۋەت مېۋە بېرىپتۇ. دېھقان قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئوردىغا تۆت سېۋەت نەشپۈت ئاپىرالمىسا، پادىشاھ ئۇنى ئېغىر جازالايدىكەن.

باغۋەننىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇ تولىمۇ ئوماق ئىكەن، كىچىكلىكىگە باقماي بەك ئەقىللىق ئىكەن.

— دادا، دادا، سىز نېمىشقا بۇنچە پەرىشان؟ — دەپ سوراپتۇ قىزچاق.

باغۋەن ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ شەرتىنى، ئۇنىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالمىسا، ئۆزىنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— دادا، شۇنىڭغىمۇ غەم قىلىپ كېتىۋاتامسىز؟ — دەپتۇ قىزچاق، — مېنى بىر سېۋەتكە سېلىڭ ـ دە، ئۈستۈمگە نەشپۈتلەرنى تىزىپ بىر سېۋەتنى توشقۇزغان بولۇڭ. شۇنىڭ بىلەن تۆت سېۋەت نەشپۈتنى ئوردىغا ئەكىرىپ بېرىڭ.

— ياق ـ ياق، بۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ، قىزىم؟ — دەپتۇ باغۋەن ئالدىراپ، — چېنىپ قالسا، مەنلا ئەمەس، سەنمۇ جازالىنىسەن.



— ياق، دادا، ئش ئۇ دەرىجىگە بېرىپ كەتمەس. قالغىنىغا مەن ئامال قىلمامدىم.

باغۇەن قىزنىڭ چېچەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ.

باغۇەن تۆت سېۋەت نەشپۈتنى ئوردىغا ئەكىرىپ بېرىپتۇ. سېۋەتلەرنى بىر ۋەزىر تاپشۇرۇۋاپتۇ ۋە باغۇەننىڭ ھەققىنى بېرىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

باغۇەن كەتكەندىن كېيىن ۋەزىر نەشپۈتلەرنى كۆرۈۋېتىپ، بىر سېۋەتتىكى نەشپۈتلەرنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. سېۋەتتىكى نەشپۈتلەرنى تۆكسە، تېگىدىن بىر ئوماق قىز چىقىپتۇ. ۋەزىر بۇ ئشنى پادىشاھقا مەلۇم قىلماي، ئۇنى ئوردىنىڭ دېدەكلىكىگە ئېلىپ قاپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا «نەشپۈتقىز» دەپ ئىسىم قويۇپ قويۇپتۇ. ئوردىدىكىلەرمۇ ئۇنى «نەشپۈتقىز» دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى نەشپۈتقىز پادىشاھنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىردەمدىلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، بۇنىڭغا چىدىمىغا باشقا دېدەكلەر نەشپۈتقىزنىڭ چىرايلىقلىقىنىمۇ، شاھزادە بىلەن يېقىنلىقىنىمۇ كۆرەلمەي، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ نەشپۈتقىزنى چاقىرىپ:

— ئاڭلىسام، سەن ئايال سېھىرگەرنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئوغرىلاپ كېلەلەيمەن دەپسەن، بۇ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالىيلىرى، بۇ پۈتۈنلەي يالغان گەپ، مېنىڭ قولۇمدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ، — دەپتۇ نەشپۈتقىز.

لېكىن، پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ، بەلكى:

— ئۇنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ كەلمىگۈچە ئوردىغا ياندىشقۇچى بولما! — دەپتۇ.

نەشپۈتقىزنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ غېمىنى يەپتۇ، ئەمما ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئامال قىلالماپتۇ.

نەشپۈتقىز ئايال سېھىرگەرنىڭ قەلئەسىگە بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

نەشپۈتقىز يولدا كېتىۋاتقاندا بىر مومايىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا بىر نەچچە بولكا، بىر سۈپۈرگە ۋە ئازراق ماي بېرىپتۇ ۋە ئەقىل ئۆگىتىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

نەشپۈتقىز كۆمۈر كۈللىرىنى چېچى بىلەن سۈپۈرۈۋاتقان ئۈچ ئايالنى ئۇچرىتىپ، ئۇلارغا سۈپۈرگىنى بېرىپتۇ. ئاياللار ئۇنىڭغا قەلئەگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

كېيىن نەشپۈتقىز يولنى توسۇپ ياتقان قورقۇنچلۇق بىر ئىتقا دۇچ كەپتۇ. ئۇ بولكىلارنى تاشلاپ بەرگەنىكەن، ئىت ئۇنىڭغا يول بېرىپتۇ.

نەشپۈتقىز جادۇگەر مومايىنىڭ قەلئەسىگە يېتىپ كەپتۇ.





نەشپۇتقىز دەرۋازا گىرەسىنىڭ داتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، موماي بەرگەن مايدا مايلاپ، ئاندىن ئىتتىرگەنىكەن، دەرۋازا ئېچىلىپتۇ.

نەشپۇتقىز بىر ئۆيگە كىرسە، لىققىدە ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغان بىر ساندۇق تۇرغۇدەك. ئۇ ساندۇقنى ئاپتۇ - دە، ئالدىراپ قەلئەدىن چىقىپتۇ.

يولدا ھېلىقى ئىت ئۇچراپتۇ. ساندۇق تۇيۇقسىز توۋلاپتۇ:

— ئۇ مېنى ئوغرىلىۋالدى، چاققان ئۇنى چىشلە!

نەشپۇتقىز ساندۇقنى تاشلىۋەتكىلى تاس قاپتۇ، ئەمما ئىت ئۇنى چىشلىمەپتۇ. كېيىن نەشپۇتقىزغا ھېلىقى ئۇچ ئايال ئۇچراپتۇ. ساندۇق يەنە ۋارقىراپتۇ، ئەمما ئاياللار نەشپۇتقىزنى توسماپتۇ.

نەشپۇتقىز ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاھزادە ئۇنىڭغا: «پادىشاھ سىزنى نېمە بىلەن مۇكاپاتلاي، دېسە، ئامباردىكى بىر سېۋەت نەشپۇتنى تەلەپ قىلىڭ» دەپتۇ.

نەشپۇتقىز شاھزادىنىڭ دېگىنىچە بويىچە ئىش قىپتۇ. سېۋەتنىڭ ئىچىدىن شاھزادە چىققاندا، پادىشاھ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— بۇ سېۋەتتىكى ھەرقانداق نەرسە نەشپۇتقىزغا مەنسۇپ، دېمەك مەنمۇ نەشپۇتقىزنىڭ، — دەپتۇ شاھزادە.

پادىشاھ شاھزادە بىلەن نەشپۇتقىزنى توي قىلىپ قويۇپتۇ.



# مۇز پەرى

دانىيە چۆچەكى (ئەسلى ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ياۋروپادا ئىنتايىن سوغۇق ھەم خىلۋەت بىر تاغ چوققىسى بولغانىكەن. ئۇ يەردە گۈزەل مۇز پەرى ياشايدىكەن. شۇ جايدىكى يىگىتلەر ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن، ھاياتىنىڭ خېيىمخەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، تاغ ئاتلاپ، داۋان ئېشىپ بۇ تاغ چوققىسىغا ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىكەن.

لېكىن، ھەر قېتىمدا پەقەت بىر يىگىت ئۆگزىسى مۇز كرىستاللىرىدىن ياسالغان مۇز قەسىرگە كىرەلەيدىكەن. مۇز پەرىگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويغۇچى يىگىت ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان ھامان نەچچە مىڭ جىن ـ ئالۋاستى قىيا ـ چىيا قىلىشىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالىدىكەن

جىن ـ ئالۋاستىلار يىگىتنى تەرەپ ـ تەرەپتىن تارتىشتۇرۇپ، سىلكىشتۇرۇپ، تېگى كۆرۈنمەس ھاڭغا غۇلىتىۋېتىدىكەن، ئۆزى گۈزەل، ئەمما مۇز چىراي مۇز پەرى بۇ ئىشلارغا قىلچە پەرۋا قىلماي سوغۇق نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرىدىكەن.

تاش يۇرەك مۇز پەرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر پۈتۈن ياۋروپاغا تارقىلىپتۇ، ھەتتا ياۋروپانىڭ بىر چېتىدىكى ئورمانلىقتا ياشايدىغان بىر باتۇر ئوۋچىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. ئوۋچىنى مۇز پەرىنىڭ گۈزەللىكىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدىكى خېيىمخەتەرلەرمۇ قاتتىق جەلپ قىلىۋاپتۇ. چۈنكى، باتۇرلار ئۆزلىرىنى خەۋپ - خەتەر ئىچىدە سىناشنى ياخشى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ!

ئوۋچى ئاشۇ قورقۇنچلۇق تاغ چوققىسىغا بېرىپ تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

ئوۋچى جانىدىن ئۆتكۈدەك قەھرىتان سوغۇقتا نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىرى مۇز قەسرگە كەپتۇ.

ئوۋچى ئۆز — ئۆزىگە مەدەت بېرىپ مۇز پەرىنىڭ سەلتەنەتلىك تەختى ئالدىغا كەپتۇ.





مۇز پەرى ھەقىقەتەن ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن. ئۇۋچى ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. كېيىن ئۇ پەقەت بىر خىل ئىنتىلىش ھېسسىياتى بىلەن مۇز پەرىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپتۇ.

«قىزىق ئىش، بۇ يىگىت بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدىغۇ؟ — دەپ ئويلاپتۇ مۇز پەرى ھەيران بولۇپ، — قانداق قىلىشىم كېرەك؟ جىن - ئالۋاستىلارنى ئۇنى ھاڭغا تاشلىۋېتىشقا بۇيرايمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلسام توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ يىگىت ماڭا توي قىلىش تەكلىپىنى قويمىدى، شۇڭا جىن - ئالۋاستىلارنى چاقىرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.»

ۋاقىت مىنۇت - سېكۇنتلاپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. يىگىت تىزلانغىنىچە مۇز پەرىگە تىكىلىپ بىر خىلدا ئولتۇرىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇز پەرىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەتتىن باشقا ھېچقانداق ئالامەت بىلىنمىگۈدەك. نېمىشقىدۇر مۇز پەرىنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ بىر خىل ئىللىق سېزىم تارىغاندەك بوپتۇ. بىردىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇۋچى يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى خالاپ قاپتۇ. چۈنكى، بۇ يىگىت بۇرۇن كەلگەنلەرگە قارىغاندا ياش، قەيسەر ۋە ئەقىللىق ئىكەن.

بۇ چاغدا، ئەتراپتا تۇرغان جىن - ئالۋاستىلار ئايال خوجايىنىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. دەسلەپتە ئۇلار ھەيران بوپتۇ، كېيىن بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلاپتۇ.

— بۇ نېمە ئىش؟ خوجايىنىمىز نېمىشقا بۇ يىگىتنى ھاڭغا غۇلىتىۋېتىشقا بۇيرۇق بەرمەيدۇ؟

ئۇلار پىچىرلىشىپتۇ، كېيىن مۇز پەرىنىڭ يىگىتنى ھاڭغا تاشلىۋېتىشنى خالىمايدىغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ.

— ياق، قائىدىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ! — دېيىشىپتۇ جىن - ئالۋاستىلار ئۆزئارا، — بۇ ئىشنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك، بۇ يىگىت تىرىك قالسا، بىزنىڭ خوجايىنىمىزنى ئەمرىگە ئالسا بولمايدۇ. مۇز پەرى مەڭگۈ بىزنىڭ بولۇشى كېرەك!

بىر كېچىسى جىن - ئالۋاستىلار تاش يېرىقىدىن ئۆمۈلەپ چىقىپ، ئۇۋچى يىگىتنى ھاڭغا تاشلىۋېتىپتۇ. دېرىزە يېنىدا تۇرغان مۇز پەرى بۇ ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، بىراق ئۇ جىن - ئالۋاستىلارنى توساشقا ئامالسىز ئىكەن. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئۇۋچى يىگىتنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھېلىقى مۇز يۈرىكى ئېرىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تىرىك ئايالغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بىر تامچە ياش ئۇنىڭ كۆزىدىن دومىلاپ چۈشۈپ يالتىراپ تۇرغان كۈمۈش رەڭلىك بىر قار ئۇچقۇنىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. مانا بۇ تۇنجى قار گۈلى بولۇپ، قار - مۇز قاپلىغان قىيالاردىلا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

# ئەقىللىق قىزچاق

روسىيە چۆچىكى

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، روسىيىدە كىچىك بىر كەنت بولغانىكەن. كەنتتىكىلەر يىلقىچىلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىكەن.

بۇ كەنتتە ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بار ئىكەن. ئاكىسىنىڭ ئىسمى دىمىترىي، ئۇكىسىنىڭ ئىسمى ئىۋان ئىكەن. دىمىترىي باي، ئىۋان نامرات ئىكەن. بىر كۈنى دىمىترىي بىلەن ئىۋان ئاتلىق شەھەرگە مېڭىپتۇ. دىمىترىينىڭ مىنىۋالغىنى ئايغىر، ئىۋاننىڭ مىنىۋالغىنى بايتال ئىكەن.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كەچ كىرگۈچە مېڭىپتۇ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر ئورمانلىقنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇلار ئاتلىرىنى باغلاپ قويۇپ، بۇ يەردە بىر كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، بايتال قۇلۇنلاپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئويغانغان ئاكا - ئۇكا بىر تايچاقنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. بۇ چاغدا تايچاق ئايغىرنىڭ يېنىدا تۇرغانىكەن.

دىمىترىي تايچاقنى كۆرۈپلا:

— ئوھۇ، مېنىڭ ئايغىرىم قۇلۇنلاپتۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئىۋان ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:





— نېمە دەيدىغانسەن، ئاكا؟ ئايغىرنىڭ قولۇنلىغانلىقىنى كىم ئاڭلىغان؟ بۇ تايچاقنى مېنىڭ بايتىلىم تۇغقان.

— يالغان گەپ قىلما! سېنىڭ بايتىلىڭ تۇغقان بولسا، ئۇ مېنىڭ ئايغىرىمنىڭ يېنىدا نېمە قىلىدۇ؟

— ئايغىرىڭنىڭ يېنىدا تۇرسىلا ئۇ تۇغقان بولۇپ قالامدۇ؟!

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى دەتالاشقا چۈشۈپتۇ، خېلى ئۇزاق تالاشقان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى قايىل قىلالماپتۇ، ئاخىرى شەھەرگە كىرگەندە سوتچىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ.

ئۇلارنىڭ شەھەرگە كەلگەن كۈنى دەل پادىشاھنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆزى دەۋا سورايدىغان كۈنى ئىكەن. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككىلەنمەيلا تايچاقنى ئىۋانغا بۇيرۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئىۋاننىڭ كۆزى چىمچىقلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇرۇندىنلا شۇنداق كېسىلى بار ئىكەن. پادىشاھ ئىۋاننىڭ كۆز چىمچىقلىتىشىنى ئۆزىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ، ئۇنى جازالىماقچى بوپتۇ.

— ئىككىڭلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم، — دەپتۇ پادىشاھ ئەسلىي ھۆكۈمىنى جاكارلاشنىڭ ئورنىغا، — ئەھۋالدىن قارىغاندا، تايچاقنىڭ قانۇنىي ئىگىسىنى ئايرىغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

پادىشاھ تېپىشماق ئېيتىش ۋە تېپىشقا ئامراق ئىكەن. شۇڭا، ئۇ تېپىشماق تاپتۇرۇش ئارقىلىق بۇنىڭغا ھۆكۈم چىقارماقچى بوپتۇ.

— ئەمىسە، قۇلاق سېلىڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ، — دۇنيادا قانداق نەرسە ئەڭ يۈگۈرۈك؟ قانداق نەرسە ئەڭ سېمىز؟ قانداق نەرسە ئەڭ يۇمشاق؟ قانداق نەرسە ئەڭ قاتتىق؟

دىمىترىيمۇ، ئىۋانمۇ پادىشاھنىڭ تېپىشمىقىنى دەماللىققا تاپالماپتۇ.

— سىلەر يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرەي، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۆيۈڭلارغا قايتىڭلار، ئوبدان ئويلىنىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ھۇزۇرۇمغا كېلىڭلار. شۇ چاغدا كىم تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى توغرا دەپ بېرەلىسە، تايچاق شۇنىڭ بولىدۇ.

ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئۆيلىرىگە قايتىپ كەپتۇ. دىمىترىينىڭ بىر ئايال قوشنىسى بار ئىكەن. دىمىترىي بۇ ئايالغا ئۈچ تەڭگە بېرىپ، بۇ تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى تېپىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— چاتاق يوق! — دەپتۇ ئايال قوشنىسى، — قېنى ئېيتىڭ، پادىشاھنىڭ تېپىشمىقىنى!

— دۇنيادا قانداق نەرسە يۈگۈرۈك؟ قانداق نەرسە ئەڭ سېمىز؟ قانداق نەرسە ئەڭ يۇمشاق؟ قانداق نەرسە ئەڭ قاتتىق؟

— بۇلارنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاسان ئىكەنغۇ! — دەپتۇ ئايال قوشنىسى تېپىشماقنى ئاڭلاپلا، — دۇنيادا ئەڭ يۈگۈرۈك نەرسە مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئېتى، ھېچنېمە ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ! ئەڭ سېمىز نەرسە مېنىڭ قويۇم!



بۇنداق سېمىز قوينى ھېچكىم كۆرۈپ باققان ئەمەس! ئەڭ يۇمشاق نەرسە مېنىڭ مامۇق يوتقىنىم. ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان ئوماق جىيەن ئوغلۇم. چۈنكى، ئۇنى دۇنيادىكى بارلىق ئالتۇنلارغىمۇ تېگىشمەيمەن.

ئىۋاننىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇ كىچىكلىكىگە باقماي تولىمۇ چېچەن ئىكەن. ئۇ دادىسىنىڭ غەم بىسىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئىۋان بولغان ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— پادىشاھنىڭ تېپىشمىقىنى ئېيتىپ بېقىڭ، جاۋابىنى مەن تېپىپ باقاي، — دەپتۇ قىزچاق.


— دۇنيادا قانداق نەرسە ئەڭ يۈگۈرۈك؟ قانداق نەرسە ئەڭ سېمىز؟ قانداق نەرسە ئەڭ يۇمشاق؟ قانداق نەرسە ئەڭ قاتتىق؟

قىزچاق بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— دادا، بۇ تېپىشماققا مەن مۇنداق جاۋاب بەرگەن بولاتتىم: دۇنيادىكى ئەڭ يۈگۈرۈك نەرسە زىمىستان قىشتىكى شىمال شامىلى؛ ئەڭ سېمىز نەرسە بىزنىڭ ئېتىزلىقتىكى نەم تۇپراق، ئۇنىڭدا ئۆسكەن زىرائەتلەر ئىنسانلارنى ۋە ھايۋانلارنى باقىدۇ؛ ئەڭ يۇمشاق نەرسە بوۋاق بالىنىڭ ئېتى؛ ئەڭ قىممەتلىك نەرسە سەممىيلىك، — دەپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ دىمىترىينىڭ ئەخمەقلەرچە بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئىۋاننىڭ جاۋابى، بولۇپمۇ ئاخىرقى تېپىشماققا بەرگەن جاۋابى ئۇنى بىئارام قىپتۇ.

بۇ نامرات ئادەمگە سەممىي مۇئامىلە قىلمىغانلىقى پادىشاھنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى ئېنىق ئىكەن.



— ئېيتقىنا، ساڭا بۇ جاۋابلارنى كىم ئېيتىپ بەردى؟

— مېنىڭ قىزىم، — دەپتۇ ئۇۋان راست گەپنى قىلىپ.

ئۇۋاننىڭ جاۋابى پادىشاھنى خۇش قىلالماپتۇ. چۈنكى، ئۆزىنىڭ تېپىشمىقىنى كىچىككىنە بىر بالىنىڭ تېپىۋالغانلىقى پادىشاھقا ھار كەپتۇ.

— تايچاقنى ساڭا بۇيرۇپ بەرسەم بولىدۇ، ساڭا يەنە يۈز تەڭگە بېرەمەن، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئەمما يەتتە كۈن ئىچىدە قىزىڭنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىشىڭ كېرەك. ئۇ ھۇزۇرۇمغا كىرگەندە، يالىڭاچ كىرسە بولمايدۇ، بىراق كىيىم كىيىۋالسىمۇ بولمايدۇ؛ پىيادە مېڭىپ كىرسە بولمايدۇ، بىراق ئات مىنىپ كىرسىمۇ بولمايدۇ؛ سوۋغات كۆتۈرۈپ كىرسە بولمايدۇ، بىراق قۇرۇق قول كىرسىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر مۇشۇ شەرتلىرىمنى ئورۇندىيالمىساڭ، پادىشاھنى ئالدىغانلىق جىنايىتى بىلەن كاللاڭنى ئالىمەن!

ئۇۋان پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قاپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

ئۇۋان جېنىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ھالدا كەنتكە قايتىپ كەپتۇ.

قىزچاق دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، پادىشاھ نېمە دېدى؟ جاۋابىمىزنى خاتا دېمىگەندۇ؟

— خاتا دېمىدى، ئەمما ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپلەرنى قىلدى. سېنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ بارغۇدەكمەن. ئۇ چاغدا يالىڭاچ بولساڭمۇ، كىيىم كىيسەڭمۇ بولمىغۇدەك؛ پىيادە ماڭساڭمۇ، ئاتقا مىنسەڭمۇ بولمىغۇدەك؛ سوۋغات كۆتۈرۈپ كىرسەڭمۇ، قولۇڭ قۇرۇق كىرسەڭمۇ بولمىغۇدەك... قارىغاندا مەن ئۆلىدىغان ئوخشايمەن.



قىزچاق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل ئويلىنىپ قاپتۇ، ئاندىن:

— دادا، خاتىرجەم بولۇڭ، پادىشاھقا ئۆزۈم تاقابىل تۇرىمەن. سىز بىر ياۋا توشقان، بىر بۆدىنىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ بەرگەن مۆھلىتى توشقان كۈنى، قىزچاق ئۇچىسىغا بېلىق تورىنى ئارتقان، ياۋا توشقانغا مىنگەن، قولىدا بىر بۆدىنىنى تۇتقان ھالدا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا پەيدا بوپتۇ. دېمەك، شۇ تاپتا ئۇ يالىڭاچمۇ ئەمەس، كىيىممۇ كىيمىگەن؛ پىيادىمۇ ئەمەس، ئاتمۇ مىنمىگەنىكەن.



— مەن سوۋغات كۆتۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، دېگەنىدىمغۇ! — دەپتۇ پادىشاھ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە، قىزچاق بۆدۈنىنى قويۇۋېتىپتۇ، پادىشاھ ئۇ-نى تۇتۇۋالالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى شەرتمۇ ئادا بولغان بوپتۇ.

— دادىڭ راستىنلا نامراتمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قىزچاقتىن.

— شۇنداق! دادام دەريادىن توشقان تۇتۇپ، دەرەختىن بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

— ها - ها! — قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ پادىشاھ، — توشقان دەريادا، بېلىق دەرەختە ياشايدۇ دەپ كىم ئاڭلىغان؟

— ئۇنداقتا، ئايغىر قۇلۇنلايدۇ دەپ كىم ئاڭلىغان؟ — دەپتۇ قىزچاق.

پادىشاھ بىلەن سودىيە خىجىل بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىشىپتۇ. پادىشاھ ئۇۋانغا ئىنئام بېرىپتۇ.

# ساھىبجامال ئادەمبېلىق

دانىيە چۆچەكى (ئەسلى ئەسەر: ئاندېرسوننىڭ)

بۇرۇنىسىدا، زەڭگەر رەڭلىك دېڭىزنىڭ تېگىدە ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدىغان بىر قەسىر بولغانىكەن. قەسىردە دېڭىز پادىشاھى تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئالتە قىزى بار ئىكەن، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئادەمبېلىقلار ئىكەن. سىرىناتا بۇ قىزلارنىڭ ئەڭ كىچىكى، شۇنداقلا ئەڭ ئومىقى ئىكەن، ئاۋازىمۇ بەك يېقىملىق ئىكەن.

سىرىناتا چوڭلاردىن دۇنيادا دېڭىزدىن باشقا قۇرۇقلۇق ۋە ئاسمانىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى، قۇرۇقلۇقتا «ئىنسان» دەپ ئاتىلىدىغان مەخلۇقلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنى، ئاسماندا قۇياشنىڭ نۇر چېچىپ يەر يۈزىنى يورۇتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى سۈرىدىكەن. ئۇ دائىم ئىنسانلار دۇنياسىغا ئىنتىلىدىكەن، سۇ يۈزىگە چىقىپ، دېڭىزنىڭ تېگىنى يورۇتالمايدىغان قۇياش نۇرىدىن بەھىر ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئۇ دائىم ئانىسىغا: «ئاپا، جېنىم ئاپا، مەن دېڭىز يۈزىگە چىقىپ، ئۇ يەرنى كۆرۈپ باقسام بولمامدۇ؟» دەپ يالۋۇرىدىكەن. ئاخىر ئانىسى: «ئون بەش ياشقا كىرگەن چېغىڭدا سېنى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزەي» دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

سىرىناتا دېڭىز يۈزىگە چىقىپ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈش ئارزۇسىنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئۇ ئون بەش ياشقا كىرىدىغان چېغىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، سىرىناتا ئاخىر ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ. شۇ كۈنى ئەتىگەندە، دېڭىز پادىشاھى سىرىناتانى ھۇزۇرىغا چاقىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ قېشىدا خانىش — سىرىناتانىڭ ئانىسىمۇ بار ئىكەن. دېڭىز پادىشاھى سىرىناتانىڭ ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قىزىم، بۈگۈن ئون بەش ياشقا كىردىڭ. ئاپاڭنىڭ بەرگەن ۋەدىسى بويىچە، سەن دېڭىز يۈزىگە چىقساڭ بولىدۇ. لېكىن، ئېسىڭدە چىڭ تۇت، ئۇ يەر بىزنىڭ بۇ دۇنيايىمىزغا ئوخشىمايدۇ،



بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭكىدەك روھىمىز بولمايدۇ. بىراق چوقۇم ئۇلار بىلەن ئارىلىق ساقلىشىڭلار لازىم، بولمىسا ئۇلار ساڭا پېشكەللىك ئېلىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ.


— خاتىرجەم بولۇڭ، شاھ دادا، خاتىرجەم بولۇڭ، خانىش ئانا، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئېسىمدە چىڭ ساقلايمەن، ھەرگىز ئىنسانلارغا يېقىنلاشمايمەن، — دەپتۇ سىرىناتا، ئاندىن ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ دېڭىز يۈزىگە چىقىپ، بېشىنى سۇدىن چىقىرىپتۇ.

پاھ، نېمىدېگەن ئاجايىپ دۇنيا-ھە! سىرىناتاغا ھەممە نەرسە شۇنچە يېڭى، شۇنچە ئاجايىپ بىلىنىپتۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم كۆك ئاسماننى كۆرۈپتۇ.

گۇگۇم چۈشكەن مەھەلدە، سىرىناتا بىر كېمىنىڭ دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كېمىدىكى كىشىلەر ئالدىراش ئىشلەۋاتقۇدەك، كەچتە ئىشلىتىلىدىغان لامپا چىراغلار نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. ئۇ يەنە كېمىدىكىلەرنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپتۇ.

سىرىناتانىڭ كېمىدىكىلەر بىلەن بەك پاراڭلاشقۇسى كەپتۇ، بىراق ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئىنسانلارنىڭ پۇتىدەك ئۈزۈن بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ-دە!

سىرىناتا ئىختىيارسىز ئۆز-ئۆزىگە: «ئىسىت، مەن نېمىشقا ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالمىغاندىمەن!» دەپتۇ.





تۇيۇقسىز كېمە سۇپىسىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، ساليۇت ئاۋازى ياڭراپ كېتىپتۇ، كۆككە كۆتۈرۈلگەن ساليۇتلار كېچە ئاسمىنىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ.

— كېمە باشلىقىمىز ياشىسۇن! كېمە باشلىقى، يىگىرمە ياشقا كىرگەنلىكىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!

سىرىناتا بۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەرگە ھەيرانۇھەس بولۇپ قاراپ تۇرغىنىدا، بىر يىگىتنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ تۇغۇلغان كۈنى تەبرىكلىنىۋاتقان ھېلىقى كېمە باشلىقى ئىكەن. ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، تەقى ـ تۇرقىدىن ئېسىلزادىلەرگە خاس سالاپەت چىقىپ تۇرىدىكەن. سىرىناتا ئۇنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

كېمىدىكى كەچلىك زىياپەت داۋاملىشىپتۇ. سىرىناتا بىر خادا تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كېمىدىكى ھەربىر ئىشقا دىققەت بىلەن نەزەر سېلىپتۇ، كۆزلىرى ياش كېمە باشلىقىدىن نېرى كەتمەپتۇ.

بىر چاغدا ئاسماننى قاپقارا بۇلۇت قاپلاپ، بوران چىقىپ دېڭىز سۈيى داۋالغۇشقا باشلاپتۇ. سىرىناتا جىددىيلەشكەن ھالدا: «چاتاق بولدى، بۇ كىشىلەر خەتەرگە يولۇقىدىغان بولدى!» دەپ ئويلاپتۇ. دەرۋەقە، دەھشەتلىك بوران ۋە تاراسلاپ ياققان يامغۇر كېمىگە ھۇجۇم قىپتۇ. سىرىناتا توۋلاپتۇ:

— پەخەس بولۇڭلار! دېڭىز كېمىنى...

قۇلاقنى يارغۇدەك قاراسلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، كېمىگە دەز كېتىپتۇ، ئارقىدىنلا ئۇ سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ. كېمىدە ئوپۇر - توپۇر باشلىنىپ كېتىپتۇ، كىشىلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ ئۆزلىرىنى كېمىدىن دېڭىزغا ئېتىپتۇ. سېرىناتا بىر پانار چىراغنىڭ ئاخىرقى يورۇقىدا، ئۆزىنى سۇغا ئاتقان كېمە باشلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.


— ئاھ! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ سېرىناتا، ئاندىن ئۆزىنى خادا تاشتىن سۇغا ئېتىپتۇ - دە، كېمە باشلىقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە قاراپ ئۈچقاندەك ئۈزۈپتۇ.

بۇ چاغدا كېمە باشلىقى ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، دېڭىز ئاستىغا چۆكۈشكە باشلىغانىكەن. سېرىناتا كېمە باشلىقىنى قۇچاقلاپ، شىددەت بىلەن دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزدا قىرغاققا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە ئۈزۈپتۇ.

تاغدەك دولقۇنلار سېرىناتاغا يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ، ئەمما ئۇ كېمە باشلىقىنى زادىلا قويۇۋەتمەي، داۋاملىق ئۈزۈپتۇ.

ئانچە ئۆتمەي بورانلىق يامغۇر ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغاندا، سېرىناتا كېمە باشلىقىنى دېڭىز ساھىلىغا ئېلىپ چىقىپتۇ.

بۇ چاغدا ھاۋا بەك سوۋۇپ كەتكەنىكەن. سېرىناتا ماڭالمايدىغان بولغاچقا، ئىككى قولىغا تايىنىپ ئولتۇرۇپ، بەدىنى بىلەن كېمە باشلىقىنى ئىسسىتىپتۇ.





بىر چاغدا بىر كىسمىلەرنىڭ يېقىنلىشىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان پارىڭى ئاڭلىنىپتۇ. سىرىناتا قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال سۇغا شۇڭغۇپتۇ.


— تېز! تېز يۈگۈرۈڭلار، — بىر ئايالنىڭ جىددىيلەشكەن ھالدا ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، — بۇ يەردە بىر ئادەم ياتىدۇ! قارىغاندا ھوشىدىن كەتكەندەك قىلىدۇ.

— ئۇنى چاقىقان قۇتقۇزۇۋالايلى!

بىرنەچچە نەپەر ئايال كېمە باشلىقىنىڭ يېنىغا كەپتۇ.


ئاياللار كېمە باشلىقىنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپتۇ. بىر چاغدا كېمە باشلىقى تۇيۇقسىز ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان گۈزەل بىر قىزنى كۆرۈپتۇ، ئەمما يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئاياللار يىگىتنى كۆتۈرۈپ نېرىدىكى قەلئەگە ئېلىپ كېتىپتۇ. سىرىناتا ئۆزى دېڭىزدىن قۇتقۇۋۇالغان كېمە باشلىقىنىڭ كەينىدىن ئۈن - تىنسىز قاراپ قاپتۇ.

سىرىناتا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا دېڭىزنىڭ تېگىگە قاراپ شۇڭغۇپتۇ. ئۇ دېڭىز ساھىلىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر ئەسلىمىنىڭ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ.



سېرىناتا دېڭىز تېگىگە بارغاندىن كېيىن، ئۆزى كۆرگەن ۋە قىلغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. كېمە باشلىقى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقاندا، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ سۆزلىيەلمەي قاپتۇ ۋە كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلۈپتۇ.

سېرىناتا ئۆزىنىڭ ئاشۇ يىگىتنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. لېكىن، ئۇ بىر ئادەمبېلىق، ئۇنىڭ بىرەر ئادەم بىلەن توي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس-دە!





دېڭىز تېگىدە بىر سېھىرگەر موماي بار ئىكەن. سىرىناتا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ۋە كېمە باشلىقىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— دېگەنلىرىڭدىن قارىغاندا، سەن ئۆزۈڭنىڭ بېلىق قۇيرۇقۇڭنىڭ ئورنىدا ئايال كىشىنىڭ ئىككى پۇتى بولسا دەپ ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك تۇرىسەن! — دەپتۇ سېھىرگەر موماي سىرىناتاغا، — بۇ خۇددى بىر پىچاقتا سېنى پارچىلىغاندەكلا تولىمۇ ئازابلىق ئىش. سەن ھەربىر قەدەم ماڭغاندا، پۇتلىرىڭ گويا پىچاق بىسىدا ماڭغاندەك قاتتىق ئاغرىپ كېتىدۇ!

—مەن بۇ ئازابقا چىدايمەن! —دەپتۇ سىرىناتا.

—ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، —دەپتۇ سېھىرگەر موماي چىرقىراپ، —سېنىڭ بۇ ئارزۇيۇڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرگىنىمنىڭ بەدىلىگە سەن ئاۋازىڭنى ماڭا بېرىسەن. شۇنىڭ بىلەن سەن سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالىسەن! ئەگەر سەن سۆيگەن يىگىت باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلىغۇدەك بولسا، ئەسلي ھالىتىڭگە قايتىپ كېلەلمەيسەن. سۇدا ماغزاپتەك يوقاپ كېتىسەن!



— مەن ئۇ يىگىت ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىشقا رازىمەن، شۇڭا ھەرقانداق شەرتىڭنى قوبۇل قىلىشقا تەييارمەن! — دەپتۇ سىرىناتا، — سەن مېنى ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويساڭلا بولدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دەپتۇ سېھىرگەر موماي، ئاندىن سىرىناتاغا سېھىرلىك دورا قاچىلانغان بىر قۇتىنى بېرىپتۇ، — سەن قۇتقۇزۇۋالغان ۋە ياخشى كۆرۈپ قالغان كېمە باشلىقى بىر شاھزادە، ئاياللار ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ كەتكەن قەسىر ئاشۇ شاھزادىنىڭ قەسرى.

سىرىناتا دېڭىز يۈزىگە چىقىپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ قەسرىگە يېقىن بىر جايغا ئۈزۈپ بېرىپ سېھىرلىك دورىنى ئىچىپتۇ.

سىرىناتا دورىنى ئىچكەن ھامان ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىر چاغدا ھوشىغا كەلسە، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى سېغىنىپ كەلگەن ھېلىقى يىگىت ئۆزىگە قاراپ تۇرغۇدەك. ئۆزىنىڭ پەس تەرىپىگە قارىسا، بېلىق قۇيرۇقىنىڭ ئورنىدا چىرايلىق بىر جۈپ پۇت پەيدا بولۇپ قالغانمىش.

سىرىناتا ئارزۇسىغا يەتكەنلىكىنى سېزىپ قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە شاھزادىگە ئىللىق تەبەسسۇم قىپتۇ.

ئەسلىدە شاھزادە دېڭىز ساھىلىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەندە بۇ ئادەمبېلىقنى كۆرۈپ قالغانىكەن. ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئويلاپ، سىرىناتانى قۇتقۇزۇۋاپتۇ - دە، قەلئەگە ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، سىرىناتا خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. شاھزادە بۇ قىزنى سىڭلىسىدەك كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق پاراڭلىشىدىكەن، بەزىدە بىللە سەيلە قىلىدىكەن.



سېھىرگەر مومايىنىڭ ئېيتقىنىدەك، سىرىناتانىڭ ھەربىر قەدەم بېسىشى ئىنتايىن ئازابلىق ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ شاھزادىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئويلىسىلا، ئاغرىقنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئازابلارنى تارتساممۇ ئەرزىيدۇ دەپ ئويلايدىكەن.

سىرىناتا سۆزلىيەلمىگەن بىلەن، شاھزادە ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرماپتۇ، بۇ ئۇنى خاتىرجەم قىپتۇ.

لېكىن، دېڭىز ساھىلىدا ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان قىز شاھزادىنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيدىكەن، ھەر ۋاقىت ئۇنى سېغىنىدىكەن. شاھزادە قايتا ھوشىغا كەلگۈچە بۇ قىز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنىكەن. سىرىناتا شاھزادىنىڭ باشقا بىر قىزنى سېغىنىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولىدىكەن.

بىر كۈنى قەلئەنىڭ پەشتىقىدا تۇرغان كىشىلەر بىر كېمىنىڭ دېڭىز قولتۇقىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شاھزادە بىلەن سىرىناتا كېمىنى كۈتۈۋالغىلى چىقىپتۇ. كېمە قىرغاققا يېقىنلىشىپ ياكور تاشلاپتۇ. كېيىن كېمىدىن ساھىبجامال بىر قىز چۈشۈپتۇ. ئۇ دەل شاھزادە كېچە-كۈندۈز سېغىنىۋاتقان، دىدارىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇۋاتقان ھېلىقى قىز ئىكەن. شاھزادە يۈگۈرگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قىزغىن سالاملىشىپتۇ.

سىرىناتا خۇددى ئۆزىنى بىر يوغان تاش بېسىۋالغاندەك جايىدىن قوزغىلالماي قاپتۇ، شاھزادىدىن مەھرۇم قېلىشتەك دەھشەتلىك ئازاب ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلىپتۇ.


كېمىدىن چۈشكەن قىز بىلەن شاھزادە ئۇزاقتىن-ئۇزاق سىردىشىپتۇ. بۇ قىزمۇ دېڭىز ساھىلىدا كۆرگەن يىگىت بىلەن قايتا ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان، شۇ تۈپەيلى كېمىگە ئولتۇرۇپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن.

شاھزادە قىزنى قەسىرگە باشلاپتۇ ۋە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئىككىسى توي قىپتۇ.

سىرىناتا شاھزادىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىز بىلەن توي قىلىپ مۇرادىغا يەتكەنلىكىگە خۇشال بولغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىپ تارام-تارام ياش تۆكۈپتۇ.

توي قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بۇ بەختىيار بىر جۈپ قىز-يىگىت كېمە بىلەن دېڭىز سەپىرىگە چىقماقچى بوپتۇ. ئۇلار سىرىناتانىمۇ ئېلىۋاپتۇ.

كېمە قوزغىلىپ دېڭىز ساھىلىدىن يىراقلىشىپتۇ. كەچ كىرگەندە شاھزادە بىلەن ئايالى ئارام ئالغىلى ياتىقىغا كىرىپ كېتىپتۇ. كېمە سۇپىسىدا يالغۇز قالغان سىرىناتا شاھزادىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئازابلىنىپتۇ، بىپايان دېڭىزغا قاراپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئۇ سېھىرگەر مومايىنىڭ ئالدىن ئېيتقىنىدەك، ھاياتىدىن كېچىپ دېڭىز سۈيىگە قوشۇلۇپ كېتىش ئويىغا كەپتۇ.






سىرىناتا تويۇقسىز ئاچىلىرىنىڭ سۇ ئىچىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭ بەش ئاچىسى سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنى چاقىرىۋاتقۇدەك.

— سىڭلىم، — دەپتۇ ئۇلار بىر سېھىرلىك خەنجەرنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ، — سېنى سېغىندۇق، ئارىمىزغا قايتىپ كەل. مانا بۇ خەنجەر بىلەن شاھزادىنى ئۆلتۈرسەڭ، ئەسلى قىياپىتىڭگە يېنىپ كېلەلەيسەن، بىز بىلەن بىللە ياشىيالايسەن!

سىرىناتا ئۈن-تىنسىز خەنجەرنى ئېلىپ شاھزادىنىڭ ياتىقىغا ئاستا كىرىپتۇ. شاھزادە بىلەن ئايالى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. سىرىناتا ئۆزى ياخشى كۆرگەن شاھزادىنىڭ ئۇيقۇدىكى چىرايىنى كۆرگىنىدە، ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر سېزىم تارقاپتۇ. ئۇ ئىختىيارسىز ئېڭىشىپ شاھزادىنى يەڭگىلگىنە بىرنى سۆيۈپتۇ-دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ كېمە سۇپىسىغا چىقىپتۇ.



سېرىناتا كېچىچە دېڭىزغا غەمكىن بېقىپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. دېڭىز تېگىدە ئۆتكەن بەختىيار بالىلىق دەۋرىنى، دېڭىز يۈزىگە چىقىپ ئۆزگىچە بىر دۇنيانى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان چاغلىرىنى ئەسلەپتۇ. خادا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ شاھزادىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئاشۇ يىگىتنىڭ دىدارىغا يېتىش ئۈچۈن سېھىرگەر موماينىڭ دورىسىنى ئىچىپ ئىككى پۇتقا ئېرىشكەنلىكى، ھەربىر قەدەمنى باسقاندا چەككەن ئازابلىرىنىمۇ ئېسىگە ئاپتۇ. لېكىن، شاھزادىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، شاھزادىنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسىنى ئويلىغىنىدا، بۇ ئازابلار خىيالىدىن دەرھال غايىب بوپتۇ. سېرىناتا شاھزادىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا قايغۇرغىنى بىلەن، شاھزادىنىڭ مۇرادىغا يېتىپ بەختكە ئېرىشكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى كۆتۈرۈلگەندەك بوپتۇ.

تاڭ سۈزۈلگەندە، سېرىناتا خەنجەرنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۆزى ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ دۇنياغا ئارمان بىلەن بىر نەزەر تاشلاپتۇ ـ دە، ئۆزىنى دولقۇنلار ئارىسىغا ئېتىپتۇ. ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇشۇ دېڭىزدا كۆپۈككە ئايلىنىپ، ئاخىرىدا غايىب بولۇپ كەتمەكچى بوپتۇ.

بۇ چاغدا قۇياش ئەمدىلا ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەنىكەن. ئىللىق قۇياش نۇرى دېڭىز يۈزىنى يورۇتۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سېرىناتا مۇزدەك دېڭىز سۈيى ئىچىدە تۇرۇپ ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ھېس قىلماپتۇ.

تۇيۇقسىز سېرىناتانى قانداقتۇر بىر كۈچ دېڭىزدىن يۇقىرىغا تارتىپ چىقارغاندەك بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ، كېيىن ئۇ لەرزان ئۇچۇپ كۆككە چىقىپ كېتىپتۇ.



كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار قىزغۇچ رەڭگە كىرىپتۇ، دېڭىزنىڭ سەھەردىكى بۇزغۇنلىرى قوڭغۇراقتەك سادا بېرىپتۇ، سېرىناتا قوڭغۇراق ساداسى ئىچىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ:


— سېرىناتا، بۇياققا كەل، بىزنىڭ قېشىمىزغا كەل…

— سىلەر كىم؟ — دەپ سوراپتۇ سىرىناتا، — مەن ھازىر قەيەردە؟ بىردىنلا ئۇ ئاۋازنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى بايقاپ قاپتۇ.

— سىرىناتا، قورقما، بىزنىڭ قېشىمىزغا كەل! بىز ئەرشتىكى پەرىشتىلەر، مانا ئەمدى سەنمۇ بىزگە ئوخشاش پەرىشتە بولدۇڭ! بىزدە ئىنسانلارنىڭ روھى يوق، ئەمما بىز ئاق كۆڭۈللۈكىمىز بىلەن ئاجايىپ ئېسىل بىر روھنى يارىتالايمىز. بىز ئارىمىزغا پەقەت ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىلا قوبۇل قىلىمىز!

سىرىناتا قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. ئۇ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ تۇرغان شاھزادىنىڭ كېمىسىگە نەزەر تاشلاپ، شاھزادە بىلەن ئايالىنىڭ ئۇنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار گويا ئۇنىڭ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، قايغۇرغان ھالدا دولقۇنلاردىن چاچرىغان بۇژغۇنلارغا قاراۋاتقۇدەك.

بۇ چاغدا سىرىناتانىڭ كۆز يېشى تاراملاشقا باشلاپتۇ، ئۇنىڭ بار ئاۋازى بىلەن: «مانا مەن بۇ يەردە!» دەپ توۋلىغۇسى، ئاشۇ كېمىگە، شاھزادىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ چۈشكۈسى كەپتۇ، بىراق ئۇ يەنىلا گۈزەل ۋە ئاق كۆڭۈل پەرىشتىلەر بىلەن بىللە قىزىل گۈل رەڭگىدىكى بۇلۇتلارغا ئولتۇرۇپ ئاستا ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېتىپتۇ.





# تەرسا ئۆچكە

يۇنان مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: ئىزوپنىڭ)

بىر جايدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى تاغ بار ئىكەن. ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى جىرادا بىر دەريا شىددەت بىلەن شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەر دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈك ياساپ قويغانىكەن. بۇ كۆۋرۈكتىن بىر قېتىمدا پەقەت بىر ئادەملا ئۆتەلەيدىكەن.

بىر كۈنى بىر ئۆچكە ئۇياقتىن، يەنە بىر ئۆچكە بۇياقتىن كېلىپ، يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈكتە ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى يانداپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

— مېنىڭ ئىشىم بەك ئالدىراش، — دەپتۇ بىر ئۆچكە يەنە بىر ئۆچكىگە، — ماڭا يول بەرگىن، مەن ئاۋۋال ئۆتۈۋالاي.

— مېنىڭ ئىشىممۇ ئالدىراش تۇرسا، ساڭا نېمىشقا يول بەرگۈدەكمەن؟ — دەپتۇ يەنە بىر ئۆچكە، — سەن يول بەر!

ئىككى ئۆچكە بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي خېلى ئۇزاقىدىچە تاكاللىشىپتۇ، كېيىن ئۇرۇشقىلى تۇرۇپتۇ. «قارس! قارس!» ئىككىسىنىڭ مۈڭگۈزلىرى بىر ـ بىرىگە شىددەت بىلەن سوقۇلۇپ ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپتۇ. ئۇلار سوقۇشا ـ سوقۇشا ئاخىرى دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپتۇ.

ئەگەر بىر تەرەپ ئەدەپلىك بولۇپ يەنە بىر تەرەپكە يول قويغان بولسا، مەسىلە ئاسانلا ھەل بولمايتتىمۇ؟



# چاشقانلارنىڭ يىغىنى

فرانسىيە مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: راففېندىننىڭ)

بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا بىر مۈشۈك كەپتۇ. ئۇ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي گەمىدە ئۆزى بەگ - ئۆزى خان بولۇپ ياشاۋاتقان چاشقانلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە ئازىيىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاشقان يىغىن ئېچىپ، چاشقانلارنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنىڭ بىرەر ياخشى چارىسىنى تېپىپ چىقماقچى بوپتۇ.

بىر كۈنى مۈشۈك سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغدا، چاشقانلار يىغىن ئېچىپتۇ.

يىغىندا چاشقانلار بەس - بەس بىلەن پىكىر بايان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

— بىز چوڭ قاپقاندىن بىرنى ياسايلى.

— ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەيلى!


— ئۇنىڭ تىرناقلىرىنى يۇلۇپ - يۇلۇۋېتەيلى، ھەممە چىشىنى سۇغۇرۇۋالايلى...

شۇنداق قىلىپ، ھەركىم ھەرنېمە دەپتۇ، ئەمما ھېچقايسىنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىنماپتۇ.

ئاخىرىدا، چاشقانلار ئەڭ ئەقىللىق دەپ قارايدىغان بىر چاشقان پانار چىراغنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپتۇ ۋە قولىدىكى مىس قوڭغۇراقنى پولاڭلاتقىنىچە سۆزگە كىرىشىپتۇ:

— مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، بىز بۇ قوڭغۇراقنى چاشقاننىڭ قۇيرۇقىغا چىگىپ قويايلى. شۇنداق قىلساق، مۈشۈكنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ھەر ۋاقىت، ھەر چاغدا بىلىپ تۇرالايمىز!







— بىز بۇ قوڭغۇراقنى ئۇ-
نىڭ قۇيرۇقىغا شۇنداق چىڭ چە-
گىسپ قويالىسكى، ئۇ مەڭگۇ يې-
شىۋېتەلمىسۇن!

بۇ چارە ھەممە چاشقانلار-
نىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ. ئۇلار
ھېلىقى چاشقاننى ئاغزى ـ ئاغ-
زىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىپ-
تۇ. لېكىن، ئارىدىن بىر چاشقان
ئوتتۇرىغا چىقىپ سوراپتۇ:

— ئەمىسە، قوڭغۇراقنى
مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىغا كىم چە-
گىدۇ؟

ھەممەيلەن بىرھازاغىچە جى-
مىپ كېتىپتۇ، ئاندىن كېيىن
چۇۋۇرلىشىپتۇ:

— مەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددى-
سىدىن چىقالمايمەن! — دەپتۇ.

— مەنمۇ چىقالمايمەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بو-
لىدۇكى، ئاقىلانە تەكلىپنى ئوت-
تۇرىغا قويۇش ئاسان، ئەمما ئۇ-
نى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەقىقەتەن
تولىمۇ قىيىن.

# ماختانچاق پاقا

فرانسيه مەسەلى (ئەسلى ئەسەر: راففېندىننىڭ)

بۇرۇنىسىدا، ھە دېسىلا ئۆزىنى ماختاپ پو ئاتىدىغان بىر پاقا ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ نەگىلا بارسا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرايدىغان، ئۆزىنى كۆپتۈرىدىغان يامان مىجەزى بار ئىكەن.

ئادەتتىكى چاغلاردا، پاقىلار ئېگىزگە سەكرەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ قالسا، ھېلىقى پاقا ھەممىدىن ئېگىزگە سەكرەيدىكەن؛ سۇغا شۇڭغۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ قالسا، ئۇ يەنىلا بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى سۇغا ئاتىدىكەن؛ يىراققا سەكرەش مۇسابىقىسى بولۇپ قالسىمۇ، ئۇ يەنىلا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدىكەن. ئىشقىلىپ، قايسىلا ئىش بولسۇن، ھەممىسىدە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىكەن، باشقىلار ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە ھەرگىز چىدىمايدىكەن.



بىر كۈنى كۆلچەكتە پەۋقۇلئاددە بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ: بىر كالا سۇ ئىچكىلى كۆلچەكنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

پاقىلار كالىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەن، شۇڭا ھەممىسى بۇ ئالامەت يوغان مەخلۇقنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزىلىرى قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىغا، يەنە بەزىلىرى سۇنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشىپتۇ.

كالا پاقىلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، ھوزۇرلىنىپ سۇ ئىچىشكە باشلاپتۇ. پاقىلار ئۆزلىرىگە ئۇنىڭدىن يامانلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن چىقىپتۇ ــ دە، بەس ــ بەس بىلەن سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھوي، قايسىڭلار بىلىسىلەر، بۇ قايسى ھايۋان؟

— ئۇ ھەقىقەتەن بەك يوغان ئىكەن!

— شۇ ئەمەسمۇ! بىزدەك ھايۋانلاردىن نەچچە مىڭىنى بىر قىلسا، ئاران ئۇنىڭغا تەڭ بولالىغۇدەك!

— راست، ئۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ يوغان ئىكەن!

بۇ پاقىلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى ھاكاۋۇر پاقىمۇ بار ئىكەن، دەسلەپتە ئۇ كالىدىن ھەممىدىن بەكرەك قورقۇپ كېتىپ كۆلچەكنىڭ ئەڭ ئاستىگە مۆكۈنۇۋالغانىكەن.

ئۇ باشقا پاقىلارنىڭ كالا توغرىسىدا قىلىشقان پاراڭلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي كالىنى ماختىغانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇرالماي قاپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىدىن باشقا بىر كىمنىڭ ماختالغانلىقىنى ئاڭلىسا زادىلا چىداپ تۇرالمايدىكەن.

— توغرا دېدىڭلار، ئۇنىڭ بويى بىزدىن ئېگىز ئىكەن، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، — دەپتۇ ئۇ ئېغىز ئېچىپ، — ئەمما ئۇنى چوڭلۇقتا تەڭداشسىز دېگىلى بولمايدۇ.

— ئەمىسە، كىم ئۇنى بېسىپ چۈشەلەيدۇ؟

— ھېلى بىلىپ قالىسىلەر! — دەپتۇ پاقا ۋارقىراپ، — مانا مەن بىردەمدىلا ئۇنىڭدەك يوغىنالايمەن! مانا، قاراپ تۇرۇڭلار!





— ئاتە پونى!

— ئاۋۇ مەخلۇقتەك بو-لالىغۇدەك ئېخى، ھا - ھا - ھا!...

پاقىلار قاقاقلاپ كۈلۈ-شۈپ ئۇنى زاڭلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، بۇ ماختان-چاق پاقا ئۆزىنى بىر كۆر-سىتىپ قويماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاۋانى كۆ-چەپ سۈمۈرگىلى باشلاپتۇ.

— ئاۋارە بولما دەيمەن، سەن بەك كىچىك، بەكلا كىچىك!

— سەن ھەرگىز ئۇنىڭ رەقىبى بولالمايسەن.

پاقىلار زاڭلىق قىلىشنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نەسىھىتى قىلچە كار قىلماپتۇ، ماختانچاق پاقا ھاۋانى داۋاملىق سۈمۈرۈپتۇ.

— ھازىر قانداق بولدى··· يوغىنىدىمۇ؟

ئۇ ھاسىرىغان ھالدا سوراپتۇ.

— بولدى قىل دېدۇققۇ، سەن ھەرقانچە قىلساڭمۇ ئۇنىڭچىلىك بولال-مايسەن، — دېيىشىپتۇ پاقىلار.

لېكىن، ئۇ بولدى قىلماي ھاۋانى سۈمۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئاخى-رىدا «پاڭ!» قىلغان دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قورسىقى پارتلاپ كېتىپتۇ.

«پاڭ» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان كالا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپتۇ، ئاندىن ھېچنېمىگە ئېرەن قىلمىغان ھالدا سۇ ئىچىشنى داۋاملاش-تۇرۇپتۇ.

لېكىن، پاقىلار بىر دوستىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىدا تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن تېرىسى قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ.

پاقىلار ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنغان ھالدا كېتىپ قاپتۇ، كېتىۋېتىپ:

— قارىغاندا، ھەددىدىن ئارتۇق ماختانچاقلىقنىڭ قىلچە پايدىسى يوقتەك تۇرىدۇ، — دېيىشىپتۇ.